تىلنى تېز ئۆگىنىش يۈرۈشلۈك كىتابلىرى

# ئىنگلىز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى

# That's great!

## بەك ياخشى بولدى !

- I am in love. مۇھەببەتلىشىۋاتىمەن .
- I am very excited. بەك ھاياجانلاندىم .



ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار [i:] [i] [e] [æ]

قوشما سوزۇق تاۋۇشلار [ei] [ai] [au] [əu] [ɔi] [iə] [ɛə] [uə]

ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇشلار [ə:] [ə]

كەينى سوزۇق تاۋۇشلار [a:] [ʌ]

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىنگلىز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىنگلىز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى

That's great!

بەك ياخشى بولدى !

تىلنى تېز ئۆگىنىش يۈرۈشلۈك كىتابلىرى

- ئىنگلىز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى
- فىرانسۇز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى
- گېرمان تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى
- رۇس تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى
- ياپون تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى
- ئەرەب تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى



ISBN 978-7-228-16442-4

定价:25.50元

www.uyghurkitap.com

# ئىنگلىز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在编目录(CIP)数据**

英语入门:维吾尔文、英文/迪丽米拉·米尔夏提等编译. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2012.12
ISBN 978-7-228-16442-4

Ⅰ. ①英··· Ⅱ. ①迪··· Ⅲ. ①英语-自学考试资料
Ⅳ. ①H31

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 303660 号

| | |
|---|---|
| 译　　者 | 迪丽米拉·米尔夏提, 姑力菲亚·亚森 ,艾孜尔古丽 ·玉素甫 |
| 责任编辑 | 西尔扎提 ·素皮尤夫 |
| 责任校对 | 米热古丽·买买提 |
| 审　　定 | 米尔夏提 ·力提甫 |
| 封面设计 | 汪洋 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 开　　本 | 880 × 1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 8.5 |
| 版　　次 | 2013 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2013 年 7 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 册 |
| 定　　价 | 25.50 元 |

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا، فونېتىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى مەشىق قىلىشتىن باشلاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ جانلىق تىل ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ مەزمۇنى سۆزلۈكلەرنى مەشىق قىلىش، قىسقا جۈملە مەشىقى، سۆز ئويۇنى مەشىقى قاتارلىق كۆپ خىل قىزىقارلىق مەزمۇنلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چەت ئەل تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى تېخىمۇ ئازادە ۋە تەبىئىي ئۆگىنىش ئۈچۈن، ھەربىر تاۋۇش ئامىلى رەسىم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلدى ۋە ھەربىر دەرستە ترانسكرىپسىيە ئۆگىنىشتىن كېيىن، يەنە تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇش ۋە ئاڭلاپ ئوقۇشنى كۈچەيتىش مەشىقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ كىتابقا كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، ئەمەلىي ۋە قىزىقارلىق، ھاياتىي كۈچى مول بولغان تېپىك سۆز - جۈملىلەر تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ، ھەربىر مەزمۇن روشەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى. دىيالوگلارغا قويۇق تۇرمۇش مۇھىتى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى تەبىئىي ۋە قىزىقارلىق مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يەنە بەزى تېمىلارغا مەدەنىيەت كۆزنىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى يەنىمۇ ياخشى تىل ئۆگىنىش مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتۇرغاندىن سىرت، ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان شۇ تىلنىڭ ھەقىقىي مەدەنىيەت قاتلىمىغا باشلاپ كىرىدۇ.

قىسقىسى، ئوقۇرمەنلەر ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان شۇ تىلنىڭ فونېتىكا قىسمىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، خالىغان بىر دىيالوگ ياكى جۈملىنى تاللاپ يادلىسا، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

چەت ئەل تىلى ناھايىتى نازۇك تىل. بىز بۇ كىتابنى نەشر قىلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسەتكەن بولساقمۇ، لېكىن تىل مۇھىتى دېگەندەك بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىتابنىڭ مەزمۇنىدا بەزىبىر نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى قارشى ئالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئاساسىي بۆلەك  فونېتىكا


ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرى ۋە فونېتىكىدىن ساۋات ........................ 2
بىرىنچى دەرس ................................................12
تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش [æ][e][i][i:]
پارتلىما تاۋۇشلىرى [g][k][d][t][b][p]
ئىككىنچى دەرس ................................................35
تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى [ʌ][a:]
سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلىرى [ð][θ][z][s][v][f]
ئۈچىنچى دەرس ................................................54
تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى [u][u:][ɔ][ɔ:]
سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلىرى [r][h][ʒ][ʃ]
تۆتىنچى دەرس ................................................77
تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى [ə][ə:]
پارتىلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلىرى [dr][tr][dz][ts][dʒ][tʃ]
بەشىنچى دەرس ................................................95
لەۋلەشكەن قوشما سوزۇق تاۋۇشلىرى [ɔi][əu][au][ai][ei]
دىماق تاۋۇشلىرى [ŋ][n][m]
ئالتىنچى دەرس ................................................ 118
يىغما قوشما سوزۇق تاۋۇشلىرى [uə][ɛə][iə]
يېرىم سوزۇق تاۋۇشلىرى [j][w]
تىل يېنى تاۋۇشى [l]
يەتتىنچى دەرس  ئىنگلىز تىلىنىڭ فونېتىكا ئاساسىي بىلىملىرى 138

مۇستەھكەملەش مەشىقلىرىنىڭ جاۋابلىرى .............................. 159

## چوڭقۇرلاش بۆلىكى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئېغىز تىلى

بىرىنچى دەرس تىنچلىق سوراش .............................. 170
ئىككىنچى دەرس تونۇشتۇرۇش ۋە تونۇشۇش .................. 177
ئۈچىنچى دەرس ياردەم قىلىش ۋە رەھمەت ئېيتىش ............ 183
تۆتىنچى دەرس ئەپۇ سوراش .................................... 189
بەشىنچى دەرس تىلەك ۋە تەبرىكلەش ......................... 193
ئالتىنچى دەرس ماختاش ........................................ 198
يەتتىنچى دەرس ھاۋا رايى توغرىسىدا ........................ 202
سەككىزىنچى دەرس قىزىقىش ھەۋەسلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىش 208
توققۇزىنچى دەرس تېلېفون ئۇرۇش ۋە تورغا چىقىش ............ 214
ئونىنچى دەرس ئۇچرىشىش ....................................... 226
ئون بىرىنچى دەرس ئاشپۇزۇلدا غىزالىنىش .................... 232
ئون ئىككىنچى دەرس نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ............ 241

## قوشۇمچە

سانلار ................................................... 247
ۋاقىت، ھەپتە، پەسىل ۋە ئايلار ............................ 248
رەڭلەر ................................................... 250
پۇللار ................................................... 250
ئەسكەرتىش سۆزلىرى ..................................... 251
ماقال ـ تەمسىللەر ....................................... 254

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاساسىي بۆلەك

# فونېتىكا

# ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرى ۋە فونېتىكىدىن ساۋات

## ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرى

| ھەرپ | | ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى | ھەرپ | | ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| چوڭ يېزىلىشى | كىچىك يېزىلىشى | | چوڭ يېزىلىشى | كىچىك يېزىلىشى | |
| A | a | [ei] | N | n | [en] |
| B | b | [bi:] | O | o | [əu] |
| C | c | [si:] | P | p | [pi:] |
| D | d | [di:] | Q | q | [kju:] |
| E | e | [i:] | R | r | [a:] |
| F | f | [ef] | S | s | [es] |
| G | g | [dʒi:] | T | t | [ti:] |
| H | h | [eitʃ] | U | u | [ju:] |
| I | i | [ai] | V | v | [vi:] |
| J | j | [dʒei] | W | w | [ˈdʌblju:] |
| K | k | [kei] | X | x | [eks] |
| L | l | [el] | Y | y | [wai] |
| M | m | [em] | Z | z | [zed] |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## خەلقئارا ترانسكرىپسىيە

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي 48 ترانسكرىپسىيە بولۇپ، ئۇلار سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇش 20 دانە بولۇپ، يەككە سوزۇق تاۋۇش ۋە قوشما سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. يەككە سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىش ئورگانلىرىغا ئاساسەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش ۋە تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تەلەپپۇز قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇش دەپ بۆلۈنىدۇ. دىفتونگ تاۋۇش لەۋلەشكەن دىفتونگ تاۋۇش ۋە يىغما دىفتونگ تاۋۇشقا بۆلۈنىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇش 28 دانە بولۇپ، ئۇلار ئاۋاز پەردىسىنىڭ تىترەش ھالىتىگە ئاساسەن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشتا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. تەلەپپۇز قىلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن پارتلىما تاۋۇش، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش، پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش، دىماق تاۋۇشى، يېرىم سوزۇق تاۋۇش، تىل يېنى تاۋۇشى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

| سوزۇق تاۋۇش | يەككە سوزۇق تاۋۇش | | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش | تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش |
|---|---|---|---|---|---|
| | | سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش | [iː] | [aː][ɔː][uː] | [əː] |
| | | قىسقا سوزۇق تاۋۇش | [i][e][æ] | [ʌ][ɔ][u] | [ə] |

| سوزۇق تاۋۇش | قوشما سوزۇق تاۋۇش | لەۋلىشكەن قوشما سوزۇق تاۋۇش | [ei][ai][au][əu][ɔi] |
|---|---|---|---|
| | | يىغما قوشما سوزۇق تاۋۇش | [iə][εə][uə] |

| ئۈزۈك تاۋۇش | | پارتلىما تاۋۇش | سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش | پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش | دىماق تاۋۇشى | يېرىم سوزۇق تاۋۇش | تىل قىيىق تاۋۇش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش | [p] [t] [k] | [f][s] [θ][ʃ][h] | [tʃ] [ts] [tr] | | | |
| | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش | [b] [d] [g] | [v][z][ð] [ʒ][r] | [dʒ] [dz] [dr] | [m] [n] [ŋ] | [w][j] | [l] |

## خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ھەرپ تەلەپپۇزى ۋە ھەرپ قوشۇلمىسى سېلىشتۇرما جەدۋىلى (يەككە سوزۇق تاۋۇش)

| | | ترانسكرىپسىيە | ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە ھەرپلەر قوشۇلمىسى | ئۈلگە سۆز | ئۇيغۇرچە مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| سوزۇق تاۋۇش | يەككە سوزۇق تاۋۇش | [iː] | i | police | ساقچى |
| | | | e | she | ئۇ (ئايال) |
| | | | ee | bee | ھەسەل ھەرىسى |
| | | | ea | peace | تىنچلىق |
| | | | ie | thief | ئوغرى |
| | | | ey | key | ئاچقۇچ |
| | | [i] | i | big | چوڭ |
| | | | e | beside | يېنىدا |
| | | | u | busy | ئالدىراش |
| | | | y | baby | بوۋاق |
| | | | a | orange | ئاپېلسىن |
| | | | ey | money | پۇل |
| | | | ee | coffee | قەھۋە |
| | | [e] | e | bed | كارىۋات |
| | | | a | many | بىرقانچە |
| | | | ea | deaf | گاس |
| | | [æ] | a | map | خەرىتە |
| | | [ɑː] | a | father | دادا |
| | | | al | half | يېرىم |
| | | | ar | part | قىسمەن |
| | | | au | aunt | هامما |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئوغلى<br>قۇياش | son<br>sun | o<br>u | [ʌ] | يەككە سوزۇق تاۋۇش | سوزۇق تاۋۇش |
| سۇ<br>قىسقا<br>كىچىك<br>سىزماق<br>ئۇرۇش<br>قىزى<br>سىزنىڭ<br>پول<br>تاختاي<br>قىرغاق، ساھىل | water<br>short<br>small<br>draw<br>war<br>daughter<br>your<br>floor<br>board<br>shore | a<br>or<br>al<br>aw<br>ar<br>au<br>our<br>oor<br>oar<br>ore | [ɔː] | | |

خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ھەرپ تەلەپپۇزى ۋە ھەرپ قوشۇلمىسى سېلىشتۇرما جەدۋىلى (قوشما سوزۇق تاۋۇش)

| ئۇيغۇرچە مەنىسى | ئۆلگە سۆز | ھەرپ ئوقۇلۇشى ۋە ھەرپ بىرىكمىسى | ترانسكرىپسىيە | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسىم<br>پويىز<br>ئويناش<br>ئۇلۇغ<br>ئەمەل قىلماق<br>سەككىز | name<br>train<br>play<br>great<br>obey<br>eight | a<br>ai<br>ay<br>ea<br>ey<br>eigh | [ei] | قوشما سوزۇق تاۋۇش | سوزۇق تاۋۇش |
| كۆڭلى ياخشى<br>ئاسمان<br>يالغان ئېيتماق | kind<br>sky<br>lie | i<br>y<br>ie | [ai] | | |

## ئاساسىي بوّلەك   فونېتىكا

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كوّز<br>توغرا | eye<br>right | eye<br>igh | [ai] | قوشما سوزۇق تاۋۇش | سوزۇق تاۋۇش |
| ئوّي<br>ئىنەك | house<br>cow | ou<br>ow | [au] | | |
| ئىنكار، ياق<br>كېمە<br>ئاستا<br>روھ | no<br>baot<br>slow<br>soul | o<br>oa<br>ow<br>ou | [əu] | | |
| تەڭگە<br>ئوغۇل بالا | coin<br>boy | oi<br>oy | [ɔi] | | |
| راست، رېئال<br>قەدىرلىك<br>بۇ يەر<br>بۇغا | real<br>dear<br>here<br>deer | ea<br>ear<br>ere<br>eer | [iə] | | |
| ئادىل<br>ياۋا توشقان<br>نەشپۈت<br>ئاۋۇ يەر | fair<br>hare<br>pear<br>there | air<br>are<br>ear<br>ere | [εə] | | |
| نامرات<br>ساياھەت<br>جەزمەن | poor<br>tour<br>sure | oor<br>our<br>ure | [uə] | | |

## خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ھەرپلەر تەلەپپۇزى ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسى سېلىشتۇرما جەدۋىلى (جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش)

| ئۇيغۇرچە مەنىسى | ئۆلگە سۆز | ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلىش ۋە ھەرپلەر قوشۇلمىسى | ترانسكرىپسىيە | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سىياھ قەلەم | pen | p | [p] | جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش | ئۈزۈك تاۋۇش |
| ئوقۇتۇش | teach | t | [t] | | |
| تورت<br>لەگلەك<br>قارا رەڭ<br>مەكتەپ<br>ياخشى كۆرمەك | cake<br>kite<br>black<br>school<br>like | c<br>k<br>ck<br>ch<br>ke | [k] | | |
| باش<br>كىم | head<br>who | h<br>wh | [h] | | |
| سېمىز<br>يېتەرلىك<br>رەسىم | fat<br>enough<br>photo | f<br>gh<br>ph | [f] | | |
| ئالتە<br>قېرىنداش<br>غاز<br>يۈزى<br>ئەينەك | six<br>pnecil<br>goose<br>face<br>glass | s<br>c<br>se<br>ce<br>ss | [s] | | |
| ئويلاش | think | th | [θ] | | |
| شېكەر<br>قوي<br>ئوكيان | sugar<br>sheep<br>ocean | s<br>sh<br>c | [ʃ] | | |
| ئەرزان | cheap | ch | [tʃ] | | |
| مۈشۈكلەر<br>دەرۋازا | cats<br>gates | ts<br>tes | [ts] | | |
| يۈك ئاپتوموبىلى | truck | tr | [tr] | | |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ھەرپلەر تەلەپپۇزى ۋە ھەرپلەر قوشۇلمىسى سېلىشتۇرما جەدۋىلى (جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش)

| | | ترانسكرىپسىيە | ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلىش ۋە ھەرپلەر قوشۇلمىسى | ئۈلگە سۆز | ئۇيغۇرچە مەنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈزۈك تاۋۇش | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش | [b] | b | beef | كالا گۆشى |
| | | [d] | d | dog | ئىت |
| | | [g] | g<br>gg | go<br>egg | بېرىش<br>تۇخۇم |
| | | [v] | v<br>ve | vase<br>leave | لوڭقا<br>ئايرىلىش |
| | | [z] | z<br>s<br>se | zip<br>music<br>use | سېرىتما<br>مۇزىكا<br>ئىشلەتمەك |
| | | [ð] | th | they | ئۇلار |
| | | [ʒ] | s<br>ge | usual<br>Prestige | ئادەتتە<br>نام ـ ئابروي |
| | | [dʒ] | j<br>g<br>dge<br>ge | jeep<br>gym<br>bridge<br>page | جىپ ماشىنا<br>تەنتەربىيە زالى<br>كۆۋرۈك<br>بەت |
| | | [dr] | dr | drive | ھەيدەش |
| | | [dz] | ds<br>des | birds<br>rides | قۇشلار<br>مىنمەك |
| | | [m] | m | mother | ئاپا |
| | | [n] | n<br>kn | new<br>know | يېڭى<br>بىلمەك |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئويلاش<br>نەرسە | think<br>thing | n<br>ng | [ŋ] | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش | ئۈزۈك تاۋۇش |
| قاراش | look | l | [l] | | |
| قىزىل<br>يازماق | red<br>write | r<br>wr | [r] | | |
| دولقۇن<br>ئاق رەڭلىك | wave<br>white | w<br>wh | [w] | | |
| يىل | year | y | [j] | | |

## تەلەپپۇز ئەزالىرى ئىسمى

تۆۋەندىكى رەسىم ئادەمنىڭ تەلەپپۇز ئەزالىرىنىڭ ياندىن كەسمە كۆرۈنۈشى. ئادەم سۆزلىگەندە ئاۋاز قانداق چىقىدۇ؟ بۇ ئېغىز ياكى بۇرۇندىن كىرگەن هاۋا ئۆپكىگە بارغاندىن كېيىن، يەنە ئۆپكە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.



ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇ. ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى نەپەسلىنىش ئەزالىرى، كاناي، ئېغىز بوشلۇقى ياكى بۇرۇن بوشلۇقىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا بەزىدە راۋان، بەزىدە مەلۇم ئورگانلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ ھەرخىل تاۋۇشلارنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئادەمنىڭ تەلەپپۇز قىلىدىغان قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسلىق تۈزۈلۈشى ۋە تەلەپپۇز قىلىش ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى چۈشىنىش، تىل ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلماقچى بولغان فونېتىكا بىلىملىرىدە يۇقىرىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ھەرقايسى تەلەپپۇز قىلىش ئەزالىرى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۆگەنگۈچىلەردىن بۇ تاۋۇش چىقىرىش ھەرقايسى ئەزالىرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ نامىنى ئەستە چىڭ ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

# بىرىنچى دەرس

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش | [iː] | [i] | [e] | [æ] | | |
| پارتلىما تاۋۇش | [p] | [b] | [t] | [d] | [k] | [g] |

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

[iː]

★ تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى قىسمى ئۇستۇنكى تاڭلايغا كۆچەپ كۆتۈرۈلىدۇ.

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ (قول بىلەن گالنى سىلىغاندا ھېس قىلغىلى بولىدۇ).

★ ئىككى لەۋ ئازراق ئېچىلىپ، ئېغىز كۈلۈمسىرىگەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ياپىلاق ھالەتكە كېلىدۇ.

[i]

★ تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى قىسمى ئۇستۇنكى تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن [iː] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن تۆۋەنرەك ۋە ئەركىنرەك بولىدۇ.

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. لېكىن، تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتى [iː] نى تەلەپپۇز قىلىش ۋاقتىدىن قىسقا بولىدۇ.

★ ئىككى لەۋ ياپىلاق شەكىلدە تۇرىدۇ، لېكىن [iː] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن بەكرەك ئېچىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



★ تىل ئۇچى ئاستى چىشقا تىرىلىپ، تىلنىڭ ئالدى ئۈستى تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن [i] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن تۆۋەنرەك كۆتۈرۈلىدۇ.

[e]

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ ئىككى لەۋ ياپىلاق شەكىلدە بولىدۇ، لېكىن [i] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوڭراق ئېچىلىدۇ.

---

★ تىلنىڭ ئۇچى ئاستى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى سەل پەل كۆتۈرۈلىدۇ.

[æ]

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ ئىككى لەۋ [e] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوڭراق ئېچىلىدۇ.

---

خۇلاسە [iː][i][e][æ] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى تەدرىجىي ئېچىلىدۇ.

---

★ [p] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [b] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[b][p]

★ [b] ,[p] لارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ ئىككى لەۋ چىڭ يۇمۇلۇپ، ئاندىن تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ئېغىز بوشلۇقىدىكى هاۋا ئېتىلىپ چىقىپ پارتلىغان ئاۋازنى شەكىللەندۈرىدۇ.

★ [t] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [d] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[d][t]

★ [t] بىلەن [d] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تىلنىڭ ئۇچى ئۈستى چىش مىلىكىگە تىرىلىپ ئاندىن تويۇقسىز ئېچىلىپ، ئېغىز بوشلۇقىدىن ئېتىلىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى پارتىلىغان ئاۋازنى شەكىللەندۈرىدۇ.

---

★ [k] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [g] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[g][k]

★ [k]، [g] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ

★ تەلەپپۇز قىلغان چاغدا تىل ئارقىغا يۆگىلىپ، يۇمشاق تاڭلايغا چىڭ چاپلىشىپ ھاۋانى توسايدۇ. ئاندىن تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمى ئېتىلىپ چىقىپ پارتىلىغان ئاۋازنى شەكىللەندۈرىدۇ.

---

خۇلاسە

[p]، [b]، [t]، [d]، [k] لارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاخىرىغا [ə] تاۋۇشىنى قوشۇشقا بولمايدۇ.

---

www.uyghurkitap.com





## [iː]

### تەلەپپۇزدا بۆسۈش ھاسىل قىلغۇچى بىرجۈملە

Please eat peas and beef.

['pliːz'iːt 'piːz ənd 'biːf] مەرھەمەت، كۆك پۇرچاق ۋە كالا گۆشىدىن يەڭ.

### تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ تىل ئۇچى تۆۋەندىكى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى كۆچەپ ئۇستۇنكى تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ.

★ ئىككى لەۋ ئازراق ئېچىلىپ، ئېغىز كۈلۈمسىرىگەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ياپىلاق ھالەتكە كېلىدۇ.

### سۆزلۈك مەشىقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [iː] | eat [iːt] يېيىش<br>each [iːtʃ] ھەربىر | deep [diːp] چوڭقۇر<br>peak[piːk] چوققا | tea [tiː] چاي<br>bee [biː] ھەسەل ھەرىسى |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [ iː ] تەلەپپۇز قىلىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپ قوشۇلمىسى:

| | [iː] | |
|---|---|---|
| i | police[pəˈliːs] ساقچى | |
| e | she [ʃiː] ئۇ (ئايال) | he [hiː] ئۇ (ئەر) |
| ee | bee[biː] ھەسەل ھەرىسى | see[siː] كۆرمەك |
| ea | peace[piːs] تىنچلىق | easy[ˈiːzi] ئاسان |
| ie | thief[θiːf] ئوغرى | chief[tʃiːf] ئاساسلىق |
| ey | key[kiː] ئاچقۇچ | |

## قىسقا جۈملە مەشقى

◆ She meets these people each week.

[ʃi ˈmiːts ˈðiːz ˈpiːpl ˈiːtʃ ˈwiːk]

ئۇ بۇ ئادەملەر بىلەن ھەر ھەپتىدە كۆرۈشىدۇ.

◆ A friend in need is a friend indeed.

[ə ˈfrend inˈniːd iz ə ˈfrend inˈdiːd]

قىيىنچىلىقتا بىرگە بولغان دوست ھەقىقىي دوست.

## سۆز ئويۇنى مەشقى

◆ Beat, beat, but don't beat the bee on the pea.

[ˈbiːt ˈbiːt bət ˈdəunt ˈbiːt ðə ˈbiː ɔn ðə ˈpiː]

ئۇر، ئۇر، بىراق ئاۋۇ كۆك پۇرچاق ئۈستىدىكى ھەسەل ھەرىسىنى ئۇرما.

www.uyghurkitap.com





[i]

## تەلەپپۇزدا بوسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

The little kid is in the inn.

[ðə 'litl 'kid 'iz 'in ði 'in]    ئۇ كىچىك بالا مېھمانخانىدا.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. لېكىن، تەلەپپۇز قىلىش ۋاقتى [iː] نى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىن قىسقا بولىدۇ.

★ تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى ئۇستۇنكى تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن [iː] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن پەسرەك ۋە ئەركىنرەك بولىدۇ.

★ ئىككى لەۋ بۇرۇنقىدەكلا ياپىلاق ھەلەتتە بولىدۇ. لېكىن، ئېغىز [iː] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوڭراق ئېچىلىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [i] | it [it] ئۇ (نەرسە)<br>ink [iŋk] سىياھ | big [big] چوڭ<br>kid [kid] كىچىك بالا | taxi ['tæksi] تاكسى<br>city ['siti] شەھەر |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [i] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپ بىرىكمىسىدىن:

| | | |
|---|---|---|
| i | big [big] چوڭ | sister ['sistə] ئاچا، سىڭىل |
| e | beside [bi'said] ... نىڭ يېنىدا | before [bi'fɔː] ... نىڭ ئالدىدا |
| u | buy ['bizi] ئالدىراش | |
| y | baby ['beibi] بوۋاق | rainy ['reini] يامغۇرلۇق ھاۋا رايى |
| a | orange ['ɔrindʒ] ئاپېلسىن | |
| ey | money ['mʌni] پۇل | honey ['hʌni] ھەسەل |
| ee | coffee['kɔfi] قەھۋە | |

## قىسقا جۈملە مەشقى

◆ She is willing to visit the big city.

[ʃi iz 'wiliŋ tə 'vizit ðə 'big 'siti]

ئۇ بۇ چوڭ شەھەرنى زىيارەت قىلىشنى بەكمۇ خالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



◆ Pick a big egg and eat it.

['pik ə 'big 'eg ənd 'i:t it] چوڭ تۇخۇمدىن بىرنى تاللاپ يەڭ.

سۆز ئويۇنى مەشقى

◆ The chicken is in the kitchen.

[ðə 'tʃikin iz 'in ðə 'kitʃin] توخۇ گۆشى ئاشخانىدا.



[e]

تەلەپپۇزدا بۇسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

◆ Get the egg on the bed.

['get ði 'eg ɔn ðə 'bed]

كارىۋات ئۈستىدىكى ئاۋۇ تۇخۇمنى ئېلىڭ.

تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى ئۇستۇنكى تاڭلايـ-
غا كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن [i] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن پەسرەك بولىدۇ.

★ ئىككى لەۋ ئاۋالقىدەكلا ياپىلاق ھالەتتە بولىدۇ، لېكىن ئېغىز [i] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوڭراق ئېچىلىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|
| [e] | [eg] egg تۇخۇم<br>[end] end ئاخىرى | [pet] pet ئەرمەك ھايۋان<br>[bed] bed كارىۋات |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [e] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر ۋە ھەرپلەر قو-
شۇلمىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [e] | |
|---|---|---|
| e | [rest] rest دەم ئېلىش | [best] best ئەڭ ياخشى |
| a | [ˈmeni] many بىرقانچە | [ˈeni] any ھەرقانداق |
| ea | [def] deaf گاس | [bred] bread بولكا |

## قىسقا جۈملە مەشقى

◆ **I will never forget the time we spent together.**

[ai wil ˈnevə ˈfəˈget ðə ˈtaim wi ˈspent təˈgeðə]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن بىز بىرگە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

The pet cat is resting.

ئۇ ئەرمەك مۈشۈك ئارام ئېلىۋاتىدۇ. [ðə 'pet 'kæt iz 'restiŋ]

سۆز ئويۇنى مەشقى

Let's get together when the weather is better.

['lets 'get tə'geðə wen ðə 'weðə 'iz 'betə]

بىز ھاۋا ياخشىلانغاندا بىر يىغىلايلى.



[æ]

تەلەپپۇزدا بۇسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

A bad apple is in that bag.

[ə 'bæd 'æpl iz in 'ðæt 'bæg]

ئاۋۇ سومكىنىڭ ئىچىدە بىر تال بۇزۇلۇپ قالغان ئالما بار.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.
★ تىل ئۇ ئاستىنقى چىشقا تىرىلىپ، تىل ئالدى ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ.
★ ئىككى لەۋ [e] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوڭراق ئېچىلىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|
| [æ] | [ˈæpl] apple ئالما<br>[ˈækʃən] action ھەرىكەت | [bæd] bad ناچار<br>[kæt] cat مۈشۈك |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [e] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | æ |
|---|---|
| a | [mæd] mad ساراڭ بولماق    [ˈæŋgri] angry ئاچچىقلىنىدىغان |

## قىسقا جۈملە مەشقى

◆ Jack acted angrily.
[ˈdʒæk ˈæktid ˈæŋgrili]

جېك ئاچچىقلانغان ھالدا ھەرىكەتكە كەلدى.

www.uyghurkitap.com



- The apple gets bad and that man is sad.

[ði 'æpl 'gets 'bæd ənd 'ðæt 'mæn iz 'sæd]

ئالما بۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن، ئۇ ئەر ناھايىتى ئازابلاندى.

## سۆز ئويۇنى مەشقى

The pet cat's hat is in that mad man's hand.

[ðə'pet 'kæts 'hæt iz in 'ðæt mæd 'mænz 'hænd]

ئەرمەك مۈشۈكنىڭ شەپكىسى ئاۋۇ ساراڭ ئەرنىڭ قولىدا.



## [p] — [d]

## تەلەپپۇزدا بۆسۈش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

The big pig is a pet.

[ðə 'big 'pig iz ə 'pet] ئاۋۇ چوڭ چوشقا بولسا ئەرمەك ھايۋان.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ [p] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز

پەردىسى تىترىمەيدۇ. [b] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ [p] ,[b] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ ئىككى لەۋنى چىڭ يۇمۇپ، ئاندىن تۇيۇقسىز ئېچىپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋانى بۆسۈپ چىقارساق، پارتلانما ئاۋاز چىقىدۇ.

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [p] | pea [pi:] كۆك پۇرچاق<br>pay [pei] تۆلەش | open [ˈəupən] ئاچماق<br>people [ˈpi:pl] كىشىلەر | deep [di:p] چوڭقۇر<br>help [help] ياردەم |
| [b] | bit [bit] ئاز مىقداردا<br>best [best] بەك ياخشى | habit [ˈhæbit] ئادەت<br>public [ˈpʌblik] ئامما | job [dʒɔb] خىزمەت<br>club [klʌb] كۇلۇب |

كۆپ ئۇچرايدىغان [p] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [p] | |
|---|---|---|
| p | map [mæp] خەرىتە | poor [puə] نامرات |

كۆپ ئۇچرايدىغان [b] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | [b] |
|---|---|
| b | [ˈbizi] busy ئالدىراش    [bɔs] boos غوجايىن |

قىسقا جۈملە مەشقى

- Prepare a piece of paper.

[pri ˈpɛə ə ˈpiːs əv ˈpeipə]

بىر ۋاراق قەغەز تەييارلاپ قويۇڭ.

- Bill's big brother is building a building.

[ˈbilz ˈbig ˈbrʌðə iz ˈbildiŋ ə ˈbildiŋ]

بىلنىڭ ئاكىسى بىر بىنا سېلىۋاتىدۇ.

- There is no best pest.

[ðər iz ˈnəu ˈbest ˈpest]

ئەڭ ياخشى زىيانداش هاشارات يوق.

سۆز ئويۇنى مەشقى

Bob bought a big bag of buns to bait the baby bears.

[ˈbɔb ˈbɔːt əˈbig ˈbæg əv ˈbʌnz tə ˈbeit ðə ˈbeibi ˈbɛəz]

بوب ئېيىقچاقلارغا بېرىشكە چوڭ بىر خالتا بولكا سېتىۋالدى.

Please pay for the pack of pepper promptly.

[ˈpliːz ˈpeifəðə ˈpækəv ˈpepə ˈprɔmptli]

بۇ خالتا قىزىلمۇچنىڭ پۇلىنى دەرهال تۆلىۋېتىڭ.



# [t] — [d]

## تەلەپپۇزدا يۇسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

The pet dog is too delighted.

[ðə 'pet 'dɔg iz 'tu: di'laitid]

ئاۋۇ ئەرمەك ئىت بەك خوشال بولۇپ كەتتى.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ [t] بولسا جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [d] بولسا جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ [t]، [d] لارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تىل ئۇچىنى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە چاپلاپ، ئاندىن تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىمىز. ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېتىلىپ چىقىپ پارتلىما ئاۋاز شەكىللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [t] | teach [tiːtʃ] دەرس ئۆتمەك<br>tell [tel] ئېيتماق | better [ˈbetə] تېخىمۇ ياخشى<br>hotel [həuˈtel] مېھمانخانا | that [ðæt] ئاۋۇ<br>fat [fæt] سېمىز |
| [d] | dog [dɔg] ئىت<br>day [dei] كۈندۈزى | birthday [ˈbəːθdei] تۇغۇلغان كۈن<br>radio [ˈreidiəu] رادىيو | hand [hænd] قول<br>red [red] قىزىل رەڭلىك |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [t] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [t] | |
|---|---|---|
| t | time [taim] ۋاقىت | take [teik] ئەكەتمەك |

كۆپ ئۇچرايدىغان [d] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [d] | |
|---|---|---|
| d | duty [ˈdjuːti] ۋەزىپە | glad [glæd] خۇشال |

## قىسقا جۈملە مەشقى

- **He told the teacher a story.**

  [hi 'təuld ðə 'ti:tʃ ə ə 'stɔ:ri]

  ئۇ مۇئەللىمگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بەردى.

- **Health depends on good food.**

  ['helθ di'pendz ɔn 'gud 'fu:d]

  سالامەتلىك ياخشى يېمەكلىككە تايىنىدۇ.

- **It is a good idea to take a rest.**

  [it iz ə 'gud ai'diə tə 'teik ə 'rest]

  بىرئاز ئارام ئېلىش بىر ئاقىلانە پىكىر.

## سۆز ئويۇنى مەشقى

Two tiny tigers took two taxis to town.

['tu: 'taini 'taigəz 'tuk 'tu: 'tæksiz tə 'taun]

ئىككى كىچىك يولۋاس ئىككى تاكسىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردى.

The dumpers dump the dumps into the dumpers.

[ðə 'dʌmpəz 'dʌmp ðə 'dʌmps 'intə ðə 'dʌmpəz]

تازىلىق ئىشچىلىرى ئەخلەتلەرنى ئەخلەت ماشىنىسىغا تۆكتى.

www.uyghurkitap.com





[k] — [g]

## تەلەپپۇزدا بۆسۈش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

**A cat doesn’t like a dog.**

|ə ˈkæt ˈdʌznt ˈlaik ə ˈdɔg|   مۈشۈك ئىتنى ياقتۇرمايدۇ.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ [k] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [g] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ [k]، [g] لارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئارقا قىسمى ئېگىلىپ، يۇمشاق تاڭلايغا چىڭ چاپلىنىپ، تىنماي ئاندىن تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلىدۇ. ئېغىز بوشلۇ-

قىدىن بۆسۈپ چىققان هاۋا ئېقىمى پارتلىغۇچى تاۋۇشنى هاسىل قىلىدۇ.

## سۆزلۈك مەشىقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [k] | kiss [kis] سۆيۈش<br>kind [kaind] ياخشى نىيەتلىك | tax [tæks] تېخىمۇ ياخشى<br>jacket [ˈdʒækit] كالتە خۇرۇم چاپان | like [laik] ياخشى كۆرمەك<br>dark [daːk] قاراڭغۇ |
| [g] | go [gəu] بېرىش<br>get [get] ئېلىش | begin [biˈgin] باشلاش<br>again [əˈgen] قايتا بىر قېتىم | leg [leg] پاچاق<br>beg [beg] ئۆتۈنۈپ سورىماق |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [k] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان هەرپ ۋە هەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [k] | |
|---|---|---|
| c | care[kɛə] كۆڭۈل بۆلۈش، پەخەس بولۇش | catch[kætʃ] تۇتماق |
| k | dark[daːk] قاراڭغۇ | kiss[kis] سۆيۈش |
| ck | black[blæk] قارا رەڭلىك | back[bæk] ئەسلىگە قايتماق |
| ch | school[skuːl] مەكتەپ | |
| ke | cake[keik] تورت | like[laik] ئوخشىماق، ياخشى كۆرمەك |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپ ئۇچرايدىغان [g] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [g] | |
|---|---|---|
| g | gate[geit] چوڭ ئىشىك | bag[bæg] خالتا، سومكا |
| gg | egg[eg] تۇخۇم | baggage[ˈbægidʒ] يۈك - تاق |

قىسقا جۈملە مەشىقى

- He likes smoking and drinking.

[hi ˈlaiks ˈsməukiŋ ənd ˈdriŋkiŋ]

ئۇ تاماكا چېكىشنى ۋە ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

- A Good beginning makes a good ending.

[əˈgud biˈginiŋ ˈmeiks ˈəgud ˈendiŋ]

ياخشى باشلىنىش، ياخشى ئاخىرلىشىش.

- The doctor asked him to give up smoking.

[ðəˈdɔktə ˈɑːskt him tə ˈgiv ˈʌp ˈsməukiŋ]

دوختۇر ئۇنىڭغا تاماكىنى تاشلاشنى ئېيتتى.

سۆز ئويۇنى مەشىقى

- The cat catchers can't catch caught cats.

[ðə ˈkæt ˈkætʃəz ˈkaːnt ˈkætʃ ˈkɔːt ˈkæts]

مۈشۈك تۇتقۇچى تۇتۇلۇپ قالغان مۈشۈكنى تۇتالمايدۇ.

◆ The great Greek grape growers grow great Greek grapes.

[ðə 'greit 'gri:k 'greip 'grəuəz 'grəu greit gri:k greips]

ئۈلۈغ گىرېك ئۈزۈم تەكلىرىنى قويغۇچىلار ئۈلۈغ گىرېك ئۈزۈمى تىكتى.

## مۇستەھكەملەش مەشقى

★ **پەرقلەندۈرۈپ ئۈلاپ ئوقۇڭ:** (تۆۋەندىكى بىر قىسىم تىرانسكرىپ-سىيەلەرنىڭ بىرىكىشى كونكرېت بىر سۆزگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن، ئۇنى مۇزاكىرە قىلىش ھاجەتسىز.)

بىرىنچى. سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۇلاپ ئوقۇڭ

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| iː | [piː] | [biː] | [tiː] | [diː] | [kiː] | [giː] |
| i | [pi] | [bi] | [ti] | [di] | [ki] | [gi] |
| e | [pe] | [be] | [te] | [de] | [ke] | [ge] |
| æ | [pæ] | [bæ] | [tæ] | [dæ] | [kæ] | [gæ] |

ئىككىنچى. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئۇلاپ قويۇڭ

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| p | [piːp] | [pip] | [pep] | [pæp] |
| b | [biːb] | [bib] | [beb] | [bæb] |
| t | [tiːt] | [tit] | [tet] | [tæt] |
| d | [diːd] | [did] | [ded] | [dæd] |
| k | [kiːk] | [kik] | [kek] | [kæk] |
| g | [giːg] | [gig] | [geg] | [gæg] |

www.uyghurkitap.com



### ئۈچىنچى. ئۇنىۋېرسال ئۇلاپ ئوقۇش

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| [pi:b] | [pit] | [bi:t] | [gek] | [bet] | [pi:k] |
| [pi:g] | [tæb] | [dæg] | [bi:d] | [tæk] | [pik] |
| [big] | [keg] | [git] | [kib] | [di:t] | [dæt] |

### تۆتىنچى. سۆزلۈكنى ئۇلاپ ئوقۇش

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| bee[bi:] | ھەسەل ھەرىسى | pea[pi:] | كۆك پۇرچاق | tea[ti:] | چاي |
| eat[i:t] | يېيىش | deed[di:d] | قىلمىش | did[did] | قىلغان |
| deep[di:p] | چوڭقۇر | dip[dip] | چۆكمەك، نەم | pig[pig] | چوشقا |
| big[big] | چوڭ | peak[pi:k] | چوققا | pick[pik] | تاللىماق |
| bed[bed] | كارىۋات | bad[bæd] | ناچار | tip[tip] | ئىلغار، ئۆتكۈر |
| pit[pit] | ئورا، ئازگال | bit[bit] | ئاز مىقدار | bid[bid] | خېرىدار بولماق |
| pet[pet] | ئەرمەك ھايۋان | bet[bet] | ئۆتۈشمەك | pack[pæk] | ئورىماق |
| cat[kæt] | مۈشۈك | kid[kid] | كىچىك بالا | dad[dæd] | دادا |
| tap[tæp] | بوش ئۇرماق | tag[tæg] | خەتكۈچ | egg[eg] | تۇخۇم |
| get[get] | ئېرىشمەك | beat[bi:t] | ئۇرماق | it[it] | ئۇ (نەرسە) |
| beg[beg] | ئۆتۈنۈپ سورىماق | bag[bæg] | بوغچا | | |

**★ ئاڭلاپ پەرقلەندۈرۈش**

بىرىنچى، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنئالغۇدىن ئاڭلاپ، كەم قالغان سوزۇق تاۋۇشلارنى يېزىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1. [p__tʃ] | 2. [p__k] | 3. [p__g] | 4. [n__d] |
| 5. [t__tʃ] | 6. [d__g] | 7. [f__t] | 8. [b__d] |
| 9. [n__t] | 10. [m__p] | | |

ئىككىنچى، تۆۋەندىكى سۆزلۈكنى ئۈنئالغۇدىن ئاڭلاپ كەم قالغان ئۇزۇك تاۋۇشلارنى يېزىڭ.

1. [ __i__ ]   2. [ __i:tʃ]   3. [ __i__ ]   4. [ ni:__ ]
5. [ __i:__ ]   6. [ __i__ ]   7. [ __ætʃ]   8. [ __u__ ]
9. [ __u:s]   10. [ __i: ]

ئۈچىنچى، ئۈنئالغۇنى ئاڭلاپ، ئوقۇلغان سۆزلۈكنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى تاللاپ چىقىڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ( ) | 1. | A. [di:d] | B. [did] | C. [di:p] |
| ( ) | 2. | A. [tip] | B. [dip] | C. [bi:t] |
| ( ) | 3. | A. [dig] | B. [big] | C. [pig] |
| ( ) | 4. | A. [bit] | B. [bi:t] | C. [bid] |
| ( ) | 5. | A. [pi:tʃ] | B. [bi:tʃ] | C. [ti:tʃ] |
| ( ) | 6. | A. [bet] | B. [tæp] | C. [pæt] |
| ( ) | 7. | A. [pi:k] | B. [pik] | C. [pit] |
| ( ) | 8. | A. [dæd] | B. [bed] | C. [pæk] |
| ( ) | 9. | A. [tip] | B. [tæp] | C. [kæt] |
| ( ) | 10. | A. [pig] | B. [bit] | C. [big] |

تۆتىنچى، ئۈنئالغۇنى ئاڭلاپ، ئاڭلىغان سۆزلۈكنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى يېزىپ چىقىڭ.

1. ________________   2. ________________
3. ________________   4. ________________
5. ________________   6. ________________
7. ________________   8. ________________
9. ________________   10. ________________

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى دەرس

| تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى | [aː] | [ʌ] | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش | [f] | [v] | [s] | [z] | [θ] | [ð] |

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

[aː]

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش، بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ ئېغىز يوغان ئېچىلىپ، تىل ئەركىن قويۇلۇپ، تىل ئۇچى تۆۋەندىكى چىشقا تىرەلمەيدۇ، تىلنىڭ ئارقىسى سەل پەل كۆتۈرۈلىدۇ.

[ʌ]

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ تىلنىڭ ئارقىسى ئازراق يىغىلىپ، تىلنىڭ ئۇچى يېنىك تېگىپ تىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ.

★ ئىككى لەۋ ئېچىلىدۇ ھەمدە ئىككى تەرىپىگە تەكشى يۆت- كىلىدۇ.

★ ئوقۇلۇشى [aː] غا يېقىن كېلىدۇ. بىراق، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر جۈپ سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق مۇنا- سىۋىتى ئەمەس.

★ [f] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [v] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[f][v]

★ [f] ، [v] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ ئاستىنقى لەۋ ئۈستۈنكى چىشقا يېنىك تىرىلىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا لەۋ بىلەن چىش ئارىسىدىكى يوچۇقتىن قىسىپ چىقىرىلغاندا سۈركىلىش ھاسىل بولۇپ تاۋۇش شەكىللەندۈرىلىدۇ.

---

★ [s] بولسا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [z] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[s][z]

★ [s] بىلەن [z] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تىل ئۇچى ئالدىغا سوزۇلۇپ، ئۈستى چىش مىلىكىگە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا تىل ئالدى تەرىپى بىلەن ئاستى ـ ئۈستى چىش ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن سىقىپ چىقىرىلغاندا سۈركىلىشتىن تاۋۇش شەكىللىنىدۇ.

---

★ [θ] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [ð] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[θ][ð]

★ [θ] بىلەن [ð] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تىل ئۇچى ئۈستى چىشنىڭ كەينى تەرىپىگە يېنىك تىرىلىدۇ ياكى ئاستى ـ ئۈستى چىشنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. ئېغىز

---

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمى تىل بىلەن چىش ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن سىقىپ چىقىرىلغاندا سۈركىلىشتىن تاۋۇش شەكىللىنىدۇ.






تەلەپپۇزدا بوسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

The car is running fast.

ئاۋۇ ماشىنا تېز سۈرئەتتە مېڭىۋاتىدۇ. [ðə 'kaː iz 'rʌniŋ 'faːst]

تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇللىرى

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ ئېغىز يوغان ئېچىلىپ، تىل تەكشى قويۇلىدۇ. تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشقا تىرەلمەي، تىلنىڭ ئارقا قىسمى ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [aː] | art[a:t] سەنئەت<br>arm[a:m] بىلەك | fast[fa:st] تېز سۈرئەتتە<br>smart[sma:t] چىرايلىق | far[fa:] يىراق<br>bar[ba:] مەيخانا |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [aː] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار.

| | [aː] | |
|---|---|---|
| a | ask[a:sk] سورىماق | father[ˈfa:ðə] دادا |
| al | half[ha:f] يېرىم | |
| ar | park[pa:k] باغچا | part[pa:t] بىر قىسىم |
| au | aunt[a:nt] ھەدە | |

## قىسقا جۈملە مەشقى

- **The bar is far away from the park.**

[ðə ˈba: iz ˈfa:r əˈwei frəm ðə ˈpa:k]

بۇ مەيخانا باغچىغا يىراق.

www.uyghurkitap.com



- The vase and the card are for my father.

[ðə 'vɑ:z ənd ðə 'kɑ:d ə fə mai 'fɑ:ðə]

بۇ لوڭقا بىلەن ئاتكىرتكىنى دادامغا سوۋغا قىلىمەن.

## سۆز ئويۇنى مەشقى

After class Mary drove her car fast to the park.

['ɑ:ftə 'klɑ:s 'mɛəri 'drəuv hə 'kɑ: 'fɑ:st tə ðə 'pɑ:k]

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مارى ماشىنىنى ھەيدەپ ئۇدۇل باغچىغا يۈرۈپ كەتتى.



# [ʌ]

## تەلەپپۇزدا بوسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

But a bug is in the bus.

[ 'bʌt ə 'bʌg iz in ðə 'bʌs]

بىراق بۇ ئامما ئاپتوبۇستا مەخپىي تىڭشىغۇچ بار.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇللىرى

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.
★ تىلنىڭ كەينى ئازراق يىغىلىپ، تىلنىڭ ئۇچى ئوتتۇرا قىسمىغا يېنىك تېگىپ سەل كۆتۈرۈلىدۇ.
★ ئىككى لەۋ ئېچىلىدۇ ھەمدە ئىككى تەرەپكە تەكشى يۆتكىلىدۇ.
★ ئوقۇلۇشى [aː] نىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدۇ. بىراق، بىر جۈپ سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە |
|---|---|---|
| [ʌ] | تاغا uncle[ˈʌŋkl] | ئاممىۋى ئاپتوبۇس bus[bʌs] |
| | سەت ugly[ˈʌgli] | ئانا mother[ˈmʌðə] |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [ʌ] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [ʌ] | |
|---|---|---|
| o | باشقا other[ˈʌðə] | ئوغلى son[sʌn] |
| u | ئېرى husband[ˈhʌzbənd] | قۇياش sun[sʌn] |

www.uyghurkitap.com



قىسقا جۈملە مەشقى

- **You are a lucky dog.**

  [ju ə ə ˈlʌki ˈdɔg]

  سىز دېگەن بىر تەلەيى ئىگىسى.

- **Love me, love my dog.**

  [ˈlʌv mi ˈlʌv mai ˈdɔg]

  مېنى ياخشى كۆرسىڭىز ئىتىمنىمۇ ياخشى كۆرۈڭ.

سۆز ئويۇنى مەشقى

**The son loves the sun, and the mother loves the lucky son and the lovely sun.**

[ðə ˈsʌn ˈlʌvz ðə ˈsʌn ənd ðə ˈmʌðə ˈlʌvz ðə ˈlʌki ˈsʌn ənd ðəˈlʌvli ˈsʌn]

ئوغلى قۇياشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاپىسى تەلەيلىك ئوغلى بىلەن سۆيۈملۈك قۇياشنى ياخشى كۆرىدۇ.



[f] — [v]

## تەلەپپۇزدا بۆسۈش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

Everybody loves life.

[ˈevribɔdi ˈlʌvz ˈlaif]

ھەممە ئادەم ھاياتلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ.

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇللىرى

★ [f] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [v] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ [v] ، [f] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ ئاستىنقى لەۋنى ئۈستۈنكى چىشقا يېنىك تىرەپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋانى لەۋ بىلەن چىش ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن سىقىپ چىقارغاندا سۈركىلىشتىن ئاۋاز شەكىللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [f] | five[faiv] بەش<br>friend[frend] دوست | coffee[ˈkɔfi] قەھۋە<br>office[ˈɔfis] ئىشخانا | beef[bi:f] كالا گۆشى<br>wife[waif] ئايالى |
| [v] | visit[ˈvizit] ئېكسكۇرسىيە قىلماق<br>view[vju:] قاراش | never[ˈnevə] ئەزەلدىن ئۇنداق ئەمەس<br>every[ˈevri] ھەربىر | love[lʌv] ياخشى كۆرۈش<br>drive[draiv] ھەيدىمەك |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [f] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۈۋەندىكىلەر بار:

| | [f] | |
|---|---|---|
| f | fame[feim] نام شۆھرەت | fate[feit] تەقدىر |
| gh | rough[rʌf] تۇم | enough[iˈnʌf] يېتەرلىك |
| ph | physics[ˈfiziks] فىزىكا ئىلمى | photo[ˈfəutəu] رەسىم |

كۆپ ئۇچرايدىغان [v] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۈۋەندىكىلەر بار:

| | [v] | |
|---|---|---|
| v | victory[ˈviktəri] غەلىبە | virtue[ˈvə:tju:] ئېسىل پەزىلەت |
| ve | save[seiv] قۇتقۇزۇش، تېجەپ قالماق | move[mu:v] يۆتكىمەك |

## قىسقا جۈملە مەشقى

- **His wife is drinking coffee in her office.**

[hiz 'waif iz 'driŋkiŋ 'kɔfi in hə 'ɔfis]

ئۇنىڭ ئايالى ئىشخانىسىدا قەھۋە ئىچىۋاتىدۇ.

- **Every driver there visited that village.**

['evri 'draivə 'ðɛə 'vizitid 'ðæt 'vilidʒ]

ئۇ يەردىكى شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يېزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

- **I prefer fish, beef and vegetables.**

[ai pri'fə: 'fiʃ 'bi:f ənd 'vedʒitəblz]

مەن بېلىق، كالا گۆشى ۋە كۆكتاتلارنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن.

## سۆز ئويۇنى مەشقى

**The fisher failed to fish any fish and finally found a fissure in his fishing net.**

[ðə 'fiʃə 'feild tə 'fiʃ 'eni 'fiʃ ənd 'fainəli 'faund ə 'fiʃə in hiz 'fiʃiŋ 'net]

بۇ بېلىقچى بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىغاندىن كېيىن بېلىق تۇتۇش تو-
رىدىكى بىر تۆشۈكنى بايقىدى.

**A lover of doves saved the dove with his love.**

[ə 'lʌvə əv 'dəuvz 'seivd ðə 'dəuv wið hiz 'lʌv]

بىر كەپتەر باققۇچى ھەۋەسكار ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق بۇ كەپ-
تەرنى قۇتقۇزۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com





[s] — [z]

تەلەپپۇزدا بۆسۈش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

**These pleasant seats are for the students.**

[ˈðiːz ˈpleznt ˈsiːts ə fə ðə ˈstjuːdənts]

بۇ راھەت ئورۇنلار ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپ قويۇلغان.

تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ [s] بولسا جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [z] بولسا جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش، ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ.

★ [s]، [z] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تىلنىڭ ئۇچى ئالدىغا سوزۇلۇپ ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمى تىل ئالدى قىسمى بىلەن ئاستىنقى چىش ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن سىقىپ چىقىرىلغاندا سۈركىلىشتىن ئاۋاز شەكىللىنىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [s] | ئوغلى son[sʌn]<br>قۇياش sun[sʌn] | disk[disk] ماگنىتلىق دىسكا<br>ئەڭ ياخشى best[best] | ئالتە six[siks]<br>ساندۇق box[bɔks] |
| [z] | zoo[zu:] ھايۋاناتلار باغچىسى<br>قىزغىن zest[zest] | ھورۇن lazy[ˈleizi]<br>example[igˈza:mpl] مىسال | خەۋەر news[nju:z]<br>توختاش pause[pɔ:z] |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [s] بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپ بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [s] | |
|---|---|---|
| s | دېڭىز sea[si:] | يەتتە seven[ˈsevn] |
| c | قېرىنداش قەلەم pencil[ˈpensl] | |
| se | غاز goose[gu:s] | |
| ce | نەسىھەت قىلماق advice[ədˈvais] | يۈزى face[feis] |
| ss | قالايمىقانچىلىق mess[mes] | ئەينەك glass[gla:s] |

كۆپ ئۇچرايدىغان [z] تەلەپپۇز قىلىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| [z] | | | | |
|---|---|---|---|---|
| zip[zip] | سىيرتما | zero[ˈziərəu] | نۆل | z |
| music[ˈmju:zik] | مۇزىكا | disease[diˈzi:z] | كېسەللىك | s |
| use[ju:z] | ئىشلەتمەك | pause[pɔ:z] | ۋاقىتلىق توختاش | se |

قىسقا جۈملە مەشقى

- Seek a seat and be seated.

  [ˈsi:k ə ˈsi:t ənd bi ˈsi:tid ]   ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇڭ

- No news is good news.

  [ˈnəu ˈnju:z iz ˈgud ˈnju:z]

  خەۋىرى بولمىغانلىقنىڭ ئۆزى ياخشى خەۋەر.

- She went to the zoo by bus.

  [ʃi ˈwent tə ðə ˈzu: bai ˈbʌs]

ئۇ (ئايال) ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ هايۋاناتلار باغچىسىغا باردۇ.

سۆز ئويۇنى مەشقى

**She said sheep should sleep in a shed and she saw six sheep sleeping in the shed.**

[ʃi ˈsed ˈʃi:p ʃəd ˈsli:p in ə ˈʃed ənd ʃi ˈsɔ: ˈsiks ˈʃi:p ˈsli:piŋ in ðə ˈʃed]

ئۇ قوي لاپاستا ئۇخلىشى كېرەك دېگەنىدى، ئەمما ئۇ لاپاستا ئالتە دانە قوينىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

When she is dizzy, she is lazy.

[wen ʃi iz 'dizi ʃi iz 'leizi]

ئۇنىڭ بېشى قايغان چاغدا بەك ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ.



## [θ] – [ð]

### تەلەپپۇزدا بۇسۇش ھاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

I am thankful to my mother.

[ai əm 'θæŋkfəl tə mai 'mʌðə]

مەن ئانامغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

### تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلى

★ [θ] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ. [ð] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ [θ]، [ð] لارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ تىلنىڭ ئۇچى ئۈستۈنكى چىشنىڭ كەينىگە ياكى ئاستى -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇستى چىش ئارىلىقىغا قوشۇلۇپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمى تىل بىلەن چىش ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن سىقىپ چىقارىلغاندا سۈركىلىش ئاۋاز شەكىللەندۈرىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

| | سۆز بېشىدا كەلگەندە | سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەندە | سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە |
|---|---|---|---|
| [θ] | thin[θin] ئورۇق<br>thick[θik] قېلىن | nothing[ˈnʌθiŋ] ھېچ نەرسە يوق<br>healthful[ˈhelθful] سالامەتلىككە پايدىلىق | mouth[mauθ] ئېغىز<br>month[mʌnθ] ئاي |
| [ð] | these[ði:z] بۇلار<br>those[ðəuz] ئاۋۇلار | father[ˈfa:ðə] دادا<br>weather[ˈweðə] ھاۋا | with[wið] بىلەن<br>breathe[bri:ð] تىنىق |

## تەبىئىي تەلەپپۇز قىلىش

كۆپ ئۇچرايدىغان [θ] تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [θ] | |
|---|---|---|
| th | south[sauθ] جەنۇب تەرەپ | thief[θi:f] ئوغرى |

كۆپ ئۇچرايدىغان [ð] بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە ھەرپلەر بىرىكمىسىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

| | [ð] | |
|---|---|---|
| th | feather[ˈfeðə] پەي | whether[ˈweðə] شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ |

## قىسقا جۈملە مەشقى

- **Health is wealth.**

  [ˈhelθ iz ˈwelθ]

  سالامەتلىكنىڭ ئۆزى بايلىق.

- **There will be no good weather these days.**

  [ðə wil bi ˈnəu ˈgud ˈweðə ˈðiːz ˈdeiz]

  بۇ بىرنەچچە كۈندە ھاۋا رايى ياخشى بولمايدۇ.

- **My father together with my mother went through the thick and thin.**

  [mai ˈfaːðə tə ˈgeðə wið mai ˈmʌðə ˈwent ˈθruː ðə ˈθik ənd ˈθin]

  مېنىڭ دادام بىلەن ئانام جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان.

## سۆز ئويۇنى مەشقى

**A mouse is in the cat's mouth.**

[ə ˈmaus iz in ðə ˈkæts ˈmauθ]

ئۇ مۈشۈكنىڭ ئېغىزىدا بىر چاشقان بار.

**Their father and mother would rather go there because of the good weather there.**

[ðɛə ˈfaːðə ənd ˈmʌðə wud ˈraːðə ˈgəu ˈðɛə bikɔz əv ðə ˈgud ˈweðə ðə]

ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇ يەرگە بېرىشنى خالايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇستەھكەملەش مەشقى

ئۇلاپ پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇش (تۆۋەندىكى بەزى تىراسكۆپىيە بىرىكمىسى كونكرېت بىر سۆزگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن، بۇنى ئويلاشمىسىمۇ بولىدۇ)

بىرىنچى. سوزۇق تاۋۇشنى ئۇلاپ ئوقۇش

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| a: | [fa:] | [va:] | [sa:] | [za:] | [θa:] | [ða:] |
| ʌ | [fʌ] | [vʌ] | [sʌ] | [zʌ] | [θʌ] | [ðʌ] |

ئىككىنچى. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئۇلاپ ئوقۇش

| | | |
|---|---|---|
| f | [fa:f] | [fʌf] |
| v | [va:v] | [vʌv] |
| s | [sa:s] | [sʌs] |
| z | [za:z] | [zʌz] |
| θ | [θa:θ] | [θʌθ] |
| ð | [ða:ð] | [ðʌð] |

ئۈچىنچى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇلاپ ئوقۇش

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| [fa:s] | [fʌs] | [va:z] | [vʌs] | [za:f] | [ða:f] |
| [sʌf] | [za:v] | [sa:f] | [sʌz] | [za:s] | [ðʌz] |
| [θa:s] | [θʌs] | [ða:z] | [ðʌv] | | |

تۆتىنچى. سۆزلۈكنى ئۇلاپ ئوقۇش.

| | | |
|---|---|---|
| far[fa:] يىراق (يەر) | vase[va:z] لوڭقا | fat[fæt] سېمىز |
| fit[fit] ماس كېلىش | feat[fi:t] ئۇلۇغ نەتىجە | feast[fi:st] زىياپەت |
| park[pa:k] باغچا | pass[pa:s] يوللاش، جەريان | part[pa:t] قىسمەن |
| past[pa:st] ئېشىپ كەتمەك | pest[pest] زىيانداش ھاشارات | best[best] ئەڭ ياخشى |
| but [bʌt] بىراق، لېكىن | bug [bʌg] مەخپى تىڭشىغۇچ | thief [θi:f] ئوغرى |
| beef [bi:f] كالا گۆشى | thus [ðʌs] شۇ سەۋەبتىن | bus[bʌs] ئاممىۋى ئاپتوبوس |
| fast [fa:st] تېز | beast [bi:st] ياۋايى ھايۋان | see [si:] كۆرمەك |
| seek [si:k] ئىزدىمەك | seat [si:t] ئولتۇرغۇزۇش | sit [sit] ئولتۇرماق |
| this [ðis] بۇ | that [ðæt] ئاۋۇ | bar [ba:] مەيخانا |
| art [a:t] سەنئەت | thick [θik] قېلىن | zip [zip] سيرتما |
| card [ka:d] ئاتكرىتكا | car [ka:] ماشىنا | cut [kʌt] كەسمەك |
| thud [θʌd] زەربە ئاۋاز | | |

**ئاڭلاپ پەرىقلەندۈرۈش**

بىرىنچى. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ كەم قالغان سوزۇق تاۋۇشنى تولدۇرۇڭ.

1. [m __ tʃ] 2. [h __ f] 3. [l__k]

4. [g __ b] 5. [g __ lf] 6. [l__dʒ]

ئىككىنچى. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ كەم قالغان ئۈزۈك تاۋۇشنى تولدۇرۇڭ.

1. [ __ ju:] 2. [ __ i:l] 3. [ __ ʌm] 4. [ __in]

www.uyghurkitap.com



5. [ __ ei]　　6. [ __ ɔi __ ]　　7. [ __ i: __ ]　　8. [ __ ai __ ]
9. [ __ e __ t]　　10. [ __ i: __ ]

ئۈچىنچى. ئۈنئالغۇنى ئاڭلاپ، ئوقۇلغان سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇ بەلگىسىنى قويۇڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ( ) | 1. | A. [ði:z] | B. [ðis] | C. [θi:f] |
| ( ) | 2. | A. [θin] | B. [θik] | C. [θiŋk] |
| ( ) | 3. | A. [fi:t] | B. [fit] | C. [fi:st] |
| ( ) | 4. | A. [si:t] | B. [sit] | C. [si:k] |
| ( ) | 5. | A. [fa:st] | B. [pa:st] | C. [pa:s] |
| ( ) | 6. | A. [kʌt] | B. [bʌt] | C. [bʌg] |
| ( ) | 7. | A. [best] | B. [pest] | C. [pa:st] |
| ( ) | 8. | A. [bʌs] | B. [ðʌs] | C. [ðis] |
| ( ) | 9. | A. [ka:] | B. [ba:] | C. [fa:] |
| ( ) | 10. | A. [fit] | B. [fi:t] | C. [fæt] |

تۆتىنچى. ئۈنئالغۇنى ئاڭلاپ، ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ ترانكرىپسىيەسىنى يېزىپ چىقىش.

1. ________________　　2. ________________
3. ________________　　4. ________________
5. ________________　　6. ________________
7. ________________　　8. ________________
9. ________________　　10. ________________

# ئۈچىنچى دەرس

| تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى | [ɔː] | [ɔ] | [uː] | [u] |
|---|---|---|---|---|
| سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش | [ʃ] | [ʒ] | [h] | [r] |

## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

[ɔː]

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.
★ تىل كەينىگە يىغىلىپ، تىلنىڭ ئارقا قىسمى كۆتۈرۈلىدۇ.
★ ئىككى لەۋ ئۇتتۇرا هال يۇمىلاق هالەتكە كېلىدۇ ۋە ئالدىغا سوزۇلۇپ چىقىدۇ.

---

[ɔ]

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.
★ تىل كەينىگە يىغىلىدۇ، تىلنىڭ كەينى قىسمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى [ɔː] نى تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدىكىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ.
★ ئىككى لەۋ ئوتتۇرا هال يۇمىلاق هالەتكە كېلىدۇ. بىراق، ئېغىز [ɔː] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن چوڭراق ئېچىلىپ ئالدىغا سەل سوزۇلىدۇ.

---

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەردىسى تىترەيدۇ.

★ تىل كەينىگە يىغىلىدۇ، تىلنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ.

★ ئىككى لەۋ كىچىك رەڭ يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ ھەمدە ئالدىغا سوزۇلۇپ چىقىدۇ.

[uː]

---

★ قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ تىل ئارقىغا يىغىلىپ، تىلنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ. بىراق [uː] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىدىن پەسرەك بولىدۇ.

★ ئىككى لەۋ ئەركىن ھالەتتە يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ ۋە سەل ئالدىغا سوزۇلىدۇ.

[u]

---

★ [ʃ] بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترىمەيدۇ.

[ʒ] بولسا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

★ [ʃ] ۋە [ʒ] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىزنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

★ بىر پۈتۈن تىل كۆتۈرۈلۈپ، تىلنىڭ ئالدى قىسمى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىدۇ.

★ ئىككى لەۋ سەل ئالدىغا سوزۇلۇپ، تەخمىنەن چاسا شەكىلگە يېقىن كېلىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمى تىل بىلەن ئۈستۈنكى تاڭلاي ئارىسىدىكى يوچۇقتىن سىقىپ چىقىرىلغاندا سۈركىلىشتىن شەكىللىنىدۇ.

[ʃ][ʒ]

---

★ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز

پەردىسى تىترىمەيدۇ.

[h]

★ ئىككى لەۋ ئازراق ئېچىلىپ، ئېغىزنىڭ شەكلى مۇقىم بولمايدۇ، [h] نىڭ كەينىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

★ هاۋا ئېقىمى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ، ئاۋاز پەردىسىدىن ئۆتكەندىلا يېنىك ئاۋاز چىقىدۇ.

---

★ جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.

[r]

★ تىل يۇزى ئاستىغا ئازراق ㄩ شەكىلگە كېلىدۇ. تىل ئۇچى ئۇستۇنكى چىش مىلىكىنىڭ كەينىگە قاراپ يۆگىلىدۇ، بىراق تېگىشمەيدۇ.

★ ئىككى لەۋ ئازراق سىرتىغا چىقىپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى هاۋا ئېقىمى تىل يۇزى بىلەن ئۇستۇنكى تاڭلاي ئارىسىدىن چىقىرىلىدۇ.



## [ɔː]

تەلەپپۇزدا بوسۇش هاسىل قىلغۇچى بىر جۈملە

**He has already drawn a horse.**

[hi həz ɔːl'redi 'drɔːn ə 'hɔːs]

ئۇ ئاللىبۇرۇن بىر ئاتنى سىزىپ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇللىرى

★ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ.
★ تىل كەينىگە يىغىلىپ، تىلنىڭ كەينى قىسمى كۆتۈرۈلىدۇ.
★ ئىككى لەۋ ئوتتۇراھال يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ. ھەمدە ئالدىغا سوزۇلىدۇ.

## سۆزلۈك مەشقى

مېنىڭ بۇرۇنلا بۇ يەرگە، بۇ شەھەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى.

A: Now your dream is coming true.

ھازىر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى.

B: But this time I can only stay 5 days here.

بىراق بۇ قېتىم مەن بۇ يەردە بەش كۈنلا تۇرالايمەن.

A: It doesn't matter. I can be your guide! And I assure you a pleasant trip.

ھېچقىسى يوق. مەن سىزگە ساياھەت يېتەكچىسى بولاي. مەن سىزنىڭ ساياھىتىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا كاپالەت بېرىمەن.

B: Thank you. It's really nice of you.

رەھمەت سىزگە. سىز بەك ياخشى جۇمۇ!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئىككىنچى دەرس   تونۇشتۇرۇش ۋە تونۇشۇش

## تىپىك ئىبسىل جۈملىلەر

### تونۇشتۇرۇش

May I know your name?

ئىسمىڭىز نېمە؟

Bill, this is Tom.

بىل، بۇ بولسا تام.

Hi, I'm Susan, this is my calling card.

ياخشىمۇسىز، مېنىڭ ئىسمىم سۇزەن. بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام.

May I introduce myself: Tom Crook?

ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەم بولامدۇ؟ ئىسمىم تام كروك.

Please let me introduce myself: David Smith, Manager of General Electronic.

ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: «يۇنت سىمىت»، ئۇنىۋېرسال ئېلېكتىر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى.

Let me introduce/present Miss Wu.

ۋۇ خانقىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

Permit/Allow me to introduce/present my wife.

تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ.

Meet my brother, Jack.

ئاكام جېك بىلەن تونۇشۇپ قىلىڭ.

Do come and meet Mr. Green.

كېلىپ گىرىنى ئەپەندىم بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ.

I'm honored/pleased to introduce/present Mr. Black, President of the Sino-American Friendship Association.

مەن بۇ يەردە جۇڭگو ئامېرىكا دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بەك ئەپەندىم بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن پەخىرلىنىش ھېس قىلىمەن، خۇشالمەن.

I'd like to introduce/present my boss Mr. Johnson to you.

مەن غوجايىنىم جونسون ئەپەندىمنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي.

Prof Smith, I'd like you to meet my friend and colleague, Jennifer.

پىروفېسسور سىمىس، مەن سىزگە مېنىڭ دوستۇم ھەم خىزمەتدىشىم جېنىفرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي دېگەنىدىم.

I'd like you to meet Miss Zhang, a famous movie star in China.

مەن سىزنى جۇڭگونىڭ داڭلىق كىنو ئارتىسى جاڭ خانقىزغا تونۇشتۇرۇپ قوياي دېگەنىدىم.

I'd like to meet/know your Sales Manager.

مەن سىلەرنىڭ سېتىش بۆلۈمىڭىزنىڭ دىرېكتورى بىلەن كۆرۈشمەكچى / تونۇشماقچى.

May I introduce /present you to our director, Mr. Wang?

ۋاڭ ئەپەندىم، سىزنى بىزنىڭ مۇدىرغا تونۇشتۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟

I wonder if you could introduce me to him.

مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويالامسىز؟

Would you please introduce me to Mr. Wang?

مېنى ۋاڭ ئەپەندىمگە تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ بولامدۇ؟

I know you don't remember me, Prof Chen. But I was in your class last year. My name is Kate.

چېن پىروفېسسور، مېنىڭچە سىز مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز. بىراق مەن سىزنىڭ بۇلتۇرقى سىنىپىڭىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئىسمىم كەيت.

www.uyghurkitap.com

## تونۇشتۇرغاندىن كېيىنكى پاراڭ

How do you do?

ياخشىمۇسىز.

Glad/Nice to meet you.

سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خۇشالمەن.

It's a pleasure to meet/see you.

سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن خۇشالمەن.

It's a pleasure to meet/see you.

بۇ يەردە سىزنى ئۇچراتقىنىمدىن خۇشالمەن.

Happy to know you.

سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خۇشالمەن.

I'm glad my name is not new to you.

مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىزدىن خۇشالمەن.

I'm so/very pleased/delighted to make your acquaintance.

سىلى بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خۇشالمەن.

I've often wanted to meet/see you.

سىزنىڭ ئۇچراپ قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ يۈرگەنىدىم.

It's a pleasure/privilege to meet/know you

تەلىيىمگە سىز بىلەن ئۇچراشقانلىقىمدىن / تونۇشقانلىقىمدىن خۇشالمەن.

I've heard so much/a lot about you.

مەن سىزنىڭ كۆپ ئىشلىرىڭىزنى ئاڭلىغان.

I know you very well by reputation.

شەرىپىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

A: Let me introduce you to my husband.

سىزنى يولدىشىمغا تونۇشتۇرۇپ قوياي.

B: OK.

بولىدۇ.

A: This is Jack. This is Mike, a basketball player from France.

بۇ جېك، بۇ مايىك فىرانسىيە ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسى.

B: How do you do?

ياخشىمۇسىز!

C: How do you do?

ياخشىمۇسىز!

A: How do you like our country?

سىزنىڭچە بىزنىڭ دۆلىتىمىز قانداقراق ئىكەن؟

B: I love it. It is vast and beautiful.

مەن بەك ياقتۇرۇپ قالدىم، زېمىنى كەڭ ھەم چىرايلىق ئىكەن.

C: Oh, you speak good Chinese.

ۋوي، سىز خەنزۇچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز.

B: Thank you. I keep practicing every day.

رەھمەت. مەن كۈندە مەشىق قىلىۋاتىمەن.

C: Great!

قالتىس ئىكەنسىز.

### Dialogue2

A: Hello, Li Ping.

لى پىڭ، ياخشىمۇسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



B: Hi, John. Haven't seen you for a long time. How's everything going?

ياخشىمۇسىز جون. كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، ئىشلىرىڭىز ياخشىمۇ؟

A: Fine, thanks.

ياخشى، رەھمەت.

B: Have you met my American friend, David?

سىز مېنىڭ ئامېرىكىلىق دوستۇم داۋىتنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

A: No.

ياق.

**B: John, this is David. (To David) This is John.**

جون، بۇياق داۋىد. (داۋىدقا بۇرۇلۇپ) بۇ ياق جون.

**A: How do you do, David?**

ياخشىمۇ سىز داۋىد.

**C: Pleased to meet you, John.**

سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن خۇشالمەن جون.

## Dialogue3

**A: This is Peter, my boyfriend.**

بۇ بولسا پېتىر، مېنىڭ ئوغۇل دوستۇم بولىدۇ.

**B: Oh, yeah, I see. Glad to meet you, Peter.**

ھە، چۈشەندىم. سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن خۇشالمەن پېتىر.

**C: Glad to meet you too. This is my calling card.**

مەنمۇ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن خۇشالمەن، بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام.

**B: I've heard a lot about you.**

مەن سىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىڭىزنى ئاڭلىغان.

C: Really? I hope it wasn't all bad.

راستىما. مەن ئۇ ئاڭلىغانلىرىڭىزنىڭ يامان ئىش بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

B: I hope we can meet again sometime.

پۇرسەت بولسا يەنە كۆرۈشۈپ قېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

C: So do I.

مەنمۇ شۇ.

## مەدەنىيەت كۆزنىكى

باشقىلارنى تونۇشتۇرغاندا، ئادەتتە ئاۋۋال ئەرلەر ئاياللارغا، كىچىكلەر چوڭلارغا تونۇشتۇرىلىدۇ. سالاھىيىتى تۆۋەنلەر سالاھىيىتى يۇقىرىلارغا تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، كېيىنكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئالدىن خەۋەردار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. سالاھىيىتى يۇقىرى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئاسانلىقچە باشقىلارنى ئۇلارغا تونۇشتۇرماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ ئاندىن تونۇشتۇرۇش كېرەك. تونۇشتۇرغۇچىغا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

جۇڭگولۇقلار مېھمانلارنى تونۇشتۇرغاندا ماختاش سۆزلىرىنى ئىشلىتىشنى ياقتۇرىدۇ. لېكىن، ئامېرىكىلىقلار تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئۆزئارا تونۇشسىلا بولىدۇ، سۆز ـ چۆچەك قىلىش ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ. تونۇشتۇرۇشتا تونۇشتۇرىدىغان ئادەمنىڭ سالاھىيىتى، ئوقۇش تارىخى، كەسپى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. تاشقى قىياپىتى قاتارلىق سۇبيېكتىپ باھالار بېرىلمەسلىكى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى دەرس  ياردەم قىلىش ۋە رەھمەت ئېيتىش

## تىپىك ئىبسىل جۈملىلەر

### ياردەم قىلىش

May I help you?
ياردىمىم كېرەكمۇ؟

What can I do for you?
سىزگە قانداق ياردەم كېرەك؟

Do me a favor, will you?
ماڭا بىر ياردەم قىلىڭ. بولامدۇ؟

Would you help me?
ماڭا بىر ئىشتا ياردەم قىلالامسىز؟

Can I do anything for you?
سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟

Is there anything I can do for you?
مەن ياردەم قىلغۇدەك ئىش بارمۇ؟

Let me give you a hand.
مەن ياردەم قىلاي.

Allow me!
مەن قىلاي!

Shall I carry this for you?
بۇ نەرسىنى مەن ئېلىشىپ بېرەيمۇ؟

### رەھمەت ئېيتىش

Thank you.
رەھمەت.

Thanks.
رەھمەت.

Thank you very much.
كۆپ رەھمەت.

Thanks a lot.

كۆپ رەھمەت.

Many thanks.

كۆپ رەھمەت.

Thank you for your help/advice/kindness/coming/hospitality.

ياردىمىڭىزگە / سەمىمىي مەسلىھەتىڭىزگە / ياخشى كۆڭلىڭىزگە / كەلگىنىڭىزگە / كۈتۈۋالغىنىڭىزغا رەھمەت.

Thanks so much for everything.

مەن ئۈچۈن قىلغانلىرىڭىزغا كۆپ رەھمەت.

I do really appreciate your timely help.

سىزنىڭ دەل ۋاقتىدا قىلغان بۇ ياردىمىڭىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت.

You are very helpful/kind/thoughtful/considerate.

سىز باشقىلارغا بەك ياردەم قىلىدىكەنسىز / سىز بەك ئاق كۆڭۈلكەنسىز. بەك ئەتراپلىق ئويلايسىز / ئادەمنىڭ ھالىغا بەك يېتىدىكەنسىز.

I am much obliged to you.

سىزگە كۆپ رەھمەت.

I am very grateful to you for your help.

ياردىمىڭىزگە كۆپ رەھمەت.

I would like to express my gratitude for your kindness.

مەن سىزگە دوستانە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرەي دېگەنىدىم.

I can never thank you enough for your generosity.

سىزنىڭ خەير خاھلىقىڭىزدىن مەن مەڭگۈ مىننەتدار.

I can't express my thanks in words.

سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

I don't know how to thank you.

سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن.

It's a great pleasure for me to accept your invitation.

سىزنىڭ تەكلىپ قىلغىنىڭىزدىن بەك خۇشال بولدۇم.

It's very kind/nice/good of you to give me the souvenir.

ماڭا بۇ خاتىرە بۇيۇمنى سوۋغا قىلغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت.

I'd like to take this opportunity to express our sincere appreciation for your support.

مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېنى قوللىغانلىقىڭىزغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەكچى.

Thanks anyway.

يەنىلا سىزگە رەھمەت دېسەم بولغۇدەك.

Thanks all the same.

يەنىلا سىزگە رەھمەت ئېيتاي.

## جاۋابى

You are welcome. تۈزۈت قىلماڭ.

That's all right. ھېچقىسى يوق.

That's OK/just fine/fine. ھېچقىسى يوق.

Not at all. تۈزۈت قىلماڭ.

My pleasure.

تۈزۈت قىلماڭ. سىزگە ياردەم قىلالىغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن.

With pleasure.

تۈزۈت قىلماڭ / سىزگە ياردەم قىلالىغانلىقىمدىن خۇشالمەن.

It's a real pleasure for me to do it.

مەن بۇنداق قىلىشنى بەك خالايمەن.

Don't mention it.

تۈزۈت قىلماڭ.

It's nothing/pleasure.

ھېچقىسى يوق / خۇشاللىنارلىق ئىش.

No trouble at all. ئازراقمۇ ئاۋارىچىلىق ئەمەس.

It doesn't matter.
ھېچقىسى يوق.

At your service.
ئاپشۇرۇقىڭىزغا تەييارمەن / خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

Anytime.
تۈزۈت قىلماڭ.

Glad to have been of help.
سىزگە ياردەم قىلالىغانلىقىمدىن خۇشالمەن.

I'm glad that I could help.
سىزگە ياردەم قىلالىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن.

I'm pleased/glad you enjoy it.
ئۇنى ياقتۇرغىنىڭىزدىن خۇشالمەن.

I'm always glad to help you.
سىزگە ياردەم قىلغانلىقىمدىن خۇشالمەن.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

A: Mike, do me a favor, will you?

مايىك، ماڭ بىر ياردەم قىلىپ بولامدۇ؟

B: No problem. What's it?

چاتاق يوق. نېمە ئىش قىلىمەن؟

A: Please help me to get this box from the car.

ماڭا ياردەم قىلىپ بۇ ساندۇقنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ بېرىڭ.

B: Ok.

بولىدۇ.

A: Thanks so much.

كۆپ رەھمەت.

B: My pleasure.

تۈزۈت قىلماڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## Dialogue2

A: Good afternoon. May I help you?

چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن. ياردەم كېرەكمۇ؟

B: Good afternoon. Could you show me the way to the People's Park?

چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن. ماڭا خەلق باغچىسىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز؟

A: Of course. Just go down this way, and you will see it.

ئەلۋەتتە بولىدۇ. مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭسىڭىز تاپالايسىز.

B: Thank you very much. كۆپ رەھمەت سىزگە.

A: You are welcome. تۈزۈت قىلماڭ.

## Dialogue 3

A: It was a great dinner. Allow me to pay for the gas.

كەچلىك تاماق بەك پەيزى بولدى، پۇلىنى مەن تۆلەي.

B: No, thanks all the same. Don't worry about it. It's my treat.

ياق، ياق، رەھمەت. بولدى قىلماڭ، مەن تۆلەيمەن.

A: It's very kind of you.

سىز بەك ياخشىكەنسىز.

## Dialogue4

A: I'd better be going.

مەن ماڭاي.

B: So soon? Why don't you stay a little longer?

مۇشۇنداق تېز كېتەمسىز؟ ئۇزاقراق ئولتۇرمامسىز؟

A: I wish I could, but it's already late.

مېنىڭمۇ ئولتۇرغۇم بار ئىدى، لېكىن بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

B: Well, it's too bad that you have to go.

ھەي، ئەپسۇس، كېتىدىغان بولدىڭىزدە.

A: Thanks very much. It was a great party!

كۆپ رەھمەت، بۇ قېتىملىق يىغىلىش بەك ياخشى بولدى.

B: It was our pleasure.

بىز بەك خۇشال.

www.uyghurkitap.com



# تۆتىنچى دەرس ئەپۇ سوراش

## تىپىك ئىبسىل جۈملىلەر

### ئەپۇ سوراش

Sorry.
كەچۈرۈڭ.

I'm sorry.
مېنى كەچۈرۈڭ.

I'm very/awfully/terribly/ extremely/pretty sorry.
ئىنتايىن خىجىلمەن.

Excuse me.
كەچۈرۈڭ / ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

I beg your pardon.
كەچۈرۈڭ / يەنە بىر قېتىم تەكرارلاڭ.

I'm sorry, I can't catch you.
كەچۈرسىڭىز، مەن سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

Forgive me.
مېنى كەچۈرۈڭ.

Accept my apology.
مېنى ئەپۇ قىلىڭ.

Please forgive me for bothering.
كەچۈرۈڭ، ئاۋارە قىلدىم.

Sorry, I didn't mean it.
كەچۈرۈڭ، مەن قەستەن قىلمىدىم.

Sorry, I don't mean that at all.
كەچۈرۈڭ. مېنىڭ ھەرگىز ئۇنداق مەقسىتىم يوق.

It was all my fault.

ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىم.

It was me to blame.

بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم.

I feel really bad about being late.

خىجىل بولۇۋاتىمەن، كېچىكىپ قالدىم.

Sorry for being late.

كەچۈرۈڭ، كېچىكىپ قالدىم.

Sorry to have kept you waiting.

كەچۈرۈڭ، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم.

I'm very sorry for what I've said to you.

بايام سىزگە دېگەن گېپىم ئۈچۈن سىزدىن قاتتىق خىجىل بولۇۋاتىمەن.

I'm sorry to bump into you.

كەچۈرۈڭ، سوقۇلۇپ كەتتىم.

I'm sorry I broke the camera you lent me for the outing.

كەچۈرۈڭ، سىز ماڭا ئارىيەت بېرىپ تۇرغان ساياھەتكە چىققاندا ئىشلىتىدىغان رەسىم ئاپپاراتىنى بۇزۇپ قويدۇم.

I must apologize to you for giving you so much trouble.

سىزگە شۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردىم. سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.

## جاۋاب قايتۇرۇش

Never mind. كۆڭلىڭىزگە ئېلىش ھاجەتسىز.

It doesn't matter. چاتاق يوق.

That's all right. مەسىلە يوق.

That's OK. ھېچقىسى يوق.

It's nothing. ھېچقانداق ئىش يوق.

Let's forget it. ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەيلى.

Just forget it. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



Not at all. — ھېچقانداق چاتاق يوق.
No trouble at all. — ئازراقمۇ ئاۋارىچىلىك ئەمەس.
Please don't worry about it. — ئەنسىرىمەڭ.
I've already forgiven you. — مەن سىزنى بۇرۇنلا كەچۈرۈۋەتتىم.
Please don't blame yourself. — ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

A: I'm extremely sorry to give you so much trouble.

راستىلا سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، سىزگە شۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلدىم.

B: No trouble at all.

ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك ئەمەس.

A: I'm afraid I've taken up too much of your time.

ئېھتىمال مەن سىزنىڭ بەك كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئىگەللەپ كەتتىم.

B: Not at all. Don't hesitate to come to me whenever you need help.

ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. قانداقلا ۋاقىتتا ياردەمگە مۇھتاج بولسىڭىز مېنى ئىزدەڭ.

### Dialogue 2

A: I must apologize to you for having lost your keys.

ئاچقۇچىڭىزنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن چوقۇم سىزدىن كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك.

B: Please don't blame yourself.

ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ.

A: I was in such a hurry that I don't remember where I actually put them.

مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۇنى نەگە قويغانلىقىمنى ئېسىمدە قالماپتۇ.

B: Fortunately, I've got a spare set of keys.

ھېلىمۇ ياخشى مەندە بىر يۈرۈش زاپاس ئاچقۇچ بار ئىكەن.

## Dialogue 3

A: Excuse me, have we met somewhere? Your face looks familiar to me.

كەچۈرۈڭ، بىز بىر يەردە كۆرۈشۈپ باققانمۇ؟ سىز بەكلا تونۇش بىلىنىۋاتىسىز.

B: Really?

راستىما.

A: Oh, yes. Now I remember. You are Lucy, the youngest daughter of the Whites.

ھە. توغرا. ئېسىمگە كەلدى، سىز ۋايتنىڭ كىچىك قىزى لۇسى.

www.uyghurkitap.com



# بەشىنچى دەرس   تىلەك ۋە تەبرىكلەش

## تېپىك ئىبىسل جۈملىلەر

### تىلەك

Best wishes! — سىزگە بەخت تىلەيمەن!

Best wishes to you. — سىزگە ئەڭ ياخشى بەخت تىلەيمەن.

Best regards! — سىزگە بەخت تىلەيمەن!

Good luck (to you)! — سىزگە ئامەت تىلەيمەن!

May it bring you good luck! — سىزگە ئامەت تىلەيمەن!

Wishing you good luck. — سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

Best of luck! — ئامەتلىك بولۇڭ!

Break a leg! — تەلەيلىك بولۇڭ!

Good luck on your job-hunting!

خىزمەت ئىزدىشىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن!

May you succeed. — سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

I wish you every success. — سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

May your life be blessed! — سىزگە بەخت تىلەيمەن!

May you marry and see better days!

تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

Long live the happy couple. May their lives be filled with joy.

يېڭى توي قىلغان قىز ـ يىگىتنىڭ بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇشىنى تىلەيمەن، تۇرمۇشۇڭلار كۆڭۈللۈك بولسۇن!

I wish you and your family a Merry Christmas.

سىزنىڭ ئۆيدىكىلىرىڭىزنىڭ روژدېستۋا بايرىمىغا مۇبارەك بولسۇن!

May you make even greater progress in the coming year.

سىزنىڭ يېڭى بىر يىلدا تېخىمۇ چوڭ نەتىجىگە ئېرىشىشىڭىزنى تىلەيمەن.

I wish you happiness on your birthday.

تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.

Please convey my best wishes to Peter.

پېتىرغا مېنىڭ ياخشى تىلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

Allow me to offer my heartiest wishes.

مېنى چىن دىلىمدىن سىزگە بەخت تىلەشكە رۇخسەت قىلغايسىز.

I hope everything works out fine for you.

ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيمەن.

Enjoy your vacation. دەم ئېلىشىڭىز كۆڭۈللۈك بولغاي!

Long live peace. تىنچلىق ياشىسۇن!

God bless you! ئامان بولۇڭ!

## تەبرىكلەش

Happy birthday (to you)!

تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.

Happy New Year (to you)!

يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

Merry Christmas!

روژدېستۋا بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

Congratulations!

مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن!

Let me congratulate you. سىزگە بەخت تىلەيمەن!

I must congratulate you on your promotion to manager.

سىزنىڭ دىرېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلگەنلىكىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

May I congratulate you on your success/promotion?

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىڭىزنى /شەرەپ قازانغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

I'd like to be the first to congratulate you.

سىزنى بىرىنچى بولۇپ تەبرىكلەيمەن.

I drink to your promotion.

سىزنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

Please send him my congratulations.

مېنىڭ ئۇنىڭغا بەخت تىلەيدىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

## Dialogue 1

Hello, Li Ming. Congratulations!

ياخشىمۇ، سىز لى مىڭ، سىزنى تەبرىكلەيمەن!

B: That's a surprise, Frank. I'm not sure what you are talking *about.*

غەلىتە ئىش، فىرەنك. مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم.

A: I hope I did give you a surprise. Have you been to the department office today?

سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، سىز بۈگۈن فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا باردىڭىزمۇ؟

B: No. I haven't. What's the good news, please?

ياق. قانداق ياخشى خەۋەر ئۇ؟

A: I saw a list of students who have passed CET6. Your name is on the list.

مەن ئىنگلىز تىلى 6 ـ دەرىجىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆردۈم، سىزنىڭمۇ ئىسمىڭىز بار ئىكەن.

B: Oh, that's great!

ۋاھ، راستلا بەك ياخشى بولدى.

A: You are a lucky dog. And congratulations!

بەك تەلەيلىك ئىكەنسىز، مۇبارەك بولسۇن!

B: Thank you, Frank. How about going out for a drink with me?

رەھمەت، فىرەنك. چىقىپ بىر رومكا ئىچىشسەك قانداق؟

A: Sure. Let's go!

ئەلۋەتتە بولىدۇ. ماڭايلى.

## Dialogue 2

A: Good morning. Who's that speaking?

خەيرلىك سەھەر. كىم بولىسىز؟

B: Jone, this is Sally.

جون، مەن سەيلى.

A: Sally, I was just about to phone you. I've got a piece of news for you. I've…

سەيلى، مەن سىزگە تېلېفون قىلاي دەپ تۇراتتىم. سىزگە بىر ئىشنى دەي، مەن ئاللىقاچان...

B: I know it. Congratulations on your promotion. Well done!

مەن بىلدىم. مۇبارەك بولسۇن. ياخشى قىپسىز!

A: Thanks. How did you know that?

رەھمەت! سىز قانداق بىلدىڭىز؟

B: Last night I met your colleague Kate on the way home. She told me the great news. I called you several times, but you hadn't come back yet.

تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيگە كېتىۋاتسام خىزمەتدىشىڭىز كەيت ئۇچراپ شۇ دېدى. مەن سىزگە نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرسام سىز يوق ئىكەنسىز.

www.uyghurkitap.com



A: Really? I hope to see you this weekend. Is it convenient for you?

راستىما؟ ھەپتە ئاخىرىدا سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەنىدىم، سىزگە قولايلىقمۇ؟

B: Any time will do. I'll be expecting you. Bye.

قاچانلا بولسا بولىۋېرىدۇ. سىزنى ساقلايمەن. خەير - خوش.

A: Bye.

خوش.

## Dialogue 3

A: You look so excited. Any good news?

بۇنداق ھاياجانلانغىنىڭىزغا قارىغاندا بىرەر خۇش خەۋەر بار ئوخشىمامدۇ؟

B: Tom and I are getting married next month.

مەن تام بىلەن كېلەر ئايدا توي قىلىدىغان بولدۇم.

A: Congratulations! That's great news.

سىلەرنى تەبرىكلەيمەن! راستىلا خۇش خەۋەر ئىكەن.

B: Thank you. But I heard you are going to Tibet for a tour in a few days.

رەھمەت! ئاڭلىسام سىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شىزاڭغا ساياھەتكە بارىدىكەنسىز.

A: Yes, but I must come back before your wedding.

شۇنداق، لېكىن مەن چوقۇم سىلەرنىڭ توي مۇراسىمىڭلاردىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن.

B: Super! Enjoy your journey!

بەك ياخشى بولدى! ساياھىتىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلەيمەن.

# ئالتىنچى دەرس ماختاش

## تىپىك ئېسىل جۈملىلەر

### ماختاش

Cool! بەك ئېسىل ئىكەن. (ئادەم ۋە ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ)

That's/It's cool. دەھشەت ئېسىل!

Good/Great! ھەقىقەتەن ياخشى!

Perfect! بەك كۆڭۈلدىكىدەك!

Marvellous! قالتىس!

Amazing! ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ!

Incredible/Unbelievable! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

That's terrific/great/fabulous. بۇ بەك ياخشى بولدى.

That's absolutely super. ھەقىقەتەن بەك ياخشى.

You are/He is really something. سىز/ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن!

That's something! بەك نوچى!

You did a great job. بەك ياخشى قىلدىڭىز.

Well done. ياخشى قىلدىڭىز.

I admire you. كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

You look very smart/beautiful today.
بۈگۈن بەك كېلىشكەن / چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز.

What a beautiful picture! نېمىدېگەن چىرايلىق رەسىم ـ ھە!

What a clever boy! نېمىدېگەن ئەقىللىك بالا ـ ھە!

How smart he is! ئۇ راستلا كېلىشكەن ئىكەن!

How wonderful the film is! بۇ كىنو بەك ياخشى ئىكەن!

www.uyghurkitap.com



## تۈز تۇرانە ماختاش

Thank you very much. — كۆپ رەھمەت.

Thank you for saying so. — رەھمەت!

It's very kind/nice of you to say so. — ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت.

You flatter me. — بەك ماختىۋەتتىڭىز.

I appreciate the compliment. — ماختىغانلىقىڭىزغا رەھمەت.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

A: You look really wonderful in this skirt.

بۇ يوپكىنى كىيسىڭىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز.

B: Do you think it fits me?

سىزنىڭچە كىيسەم يارىشىپتىمۇ؟

A: Yes. It looks terrific!

ناھايىتى يارىشىپتۇ، بەك چىرايلىق ئىكەن.

B: I bought it on sale last week.

مەن ئۆتكەن ھەپتىدە باھاسىنى چۈشۈرگەندە سېتىۋالغان.

A: How lucky you are!

سىز بەك تەلەيلىك ئىكەنسىز!

### Dialogue 2

A: What a nice home you have!

سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بەك چىرايلىق ئىكەن!

B: Thank you. I'm glad you could come.

رەھمەت، قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدىن خۇشالمەن.

A: The elegance of the room is absolutely unbelievable

ئۆيلەرنىڭ ئىسىللىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

B: Oh, you are exaggerating.

ۋوي، سىز بەك ئاشۇرۇۋېتىۋاتىسىز.

## Dialogue 3

A: I really like your handbag. It's beautiful.

مەن سىزنىڭ قول سومكىڭىزنى راستىلا بەك ياقتۇرىمەن، ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن.

B: Thanks. I'm glad you like it.

رەھمەت، ئۇنى ياقتۇرغىنىڭىزدىن بەك خۇشال بولدۇم.

A: I've never seen such a pretty bag.

مەن بۇنداق چىرايلىق سومكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

B: Oh, it's nothing special actually.

ھە، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق.

## Dialogue 4

A: I think your speech was excellent.

مېنىڭچە سىز نۇتۇقنى بەك ياخشى سۆزلىدىڭىز.

B: Was it?

شۇنداقمۇ؟

A: Sure it was. You did a great job.

ئەلۋەتتە، سىز بەك ياخشى سۆزلىدىڭىز.

B: Thank you. It was really a challenge to speak before such a large audience, you know.

رەھمەت سىزگە. بىلىسىز، بۇنداق كۆپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەش

www.uyghurkitap.com



ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس.

A: Yes. And you are very cool.

شۇنداق، سىز بەك قالتىس!

## مەدەنىيەت كۆزنىكى

ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى باشقىلارنى ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئادەملىرى ماختاشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما جۇڭگولۇقلار بولسا كەمتەرلىك سۆزلىرىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇلار ئىنگلىز تىلىنىڭ ئادىتىگە ماس كەلمەيدۇ.

# يەتتىنچى دەرس   ھاۋا رايى توغرىسىدا

## تىپىك ئىپسىل جۈملىلەر

### ھاۋا رايىنى سورۇشتۇرۇش

What's the weather like today/tomorrow?

بۈگۈن / ئەتە ھاۋا رايى قانداق بولىدۇ؟

How is the weather today?

بۈگۈن ھاۋا رايى قانداق؟

How about the weather?

ھاۋا رايى قانداق؟

What's it like in winter?

قىشنىڭ ھاۋاسى قانداقراق؟

Is it raining now?

ھازىر يامغۇر يېغىۋاتامدۇ؟

Beautiful /lovely day, isn't it?

ئادەمنى خۇش قىلىدىغان كۈن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

What's the temperature (the highest temperature/the lowest temperature/the humidity) today?

بۈگۈن تېمپېراتۇرا (ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ تۆۋەن، نەملىك دەرىجىسى) قانچە؟

What's the weather forecast for tomorrow?

ئەتىنىڭ ھاۋا كېلىماتى قانداقراق؟

Have you heard the weather forecast for today (tomorrow/the day after tomorrow)?

سىز بۈگۈنكى، (ئەتىلىك، ئۆگۈنلۈك) ھاۋا رايى ئالدىن مەلۇماتىنى

www.uyghurkitap.com



ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

What does the weatherman predict for tomorrow?

هاۋا رايى خادىمى ئەتىنىڭ هاۋا كىلىماتىنى قانداق بىلىدۇ؟

Do you like Guangzhou's climate?

سىز گۇاڭجۇنىڭ هاۋا كىلىماتىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

Have you got used to Chongqing's weather?

سىز چۇڭچىڭنىڭ هاۋاسىغا كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟

## هاۋا رايىنى تەسۋىرلەش

It's a fine(cloudy/foggy/rainy/windy) day today.

بۈگۈن هاۋا ئوچۇق (بۇلۇتلۇق، تۇمانلىق، يامغۇرلۇق، شامال بار).

It's cold(chilly/cool/warm/hot) today.

بۈگۈن هاۋا سوغۇق (قاتتىق سوغۇق، سالقىن، ئىللىق، ئىسسىق).

What a beautiful rainbow!

نېمىدېگەن چىرايلىق هەسەن - هۈسەن هە!

I hope the weather will keep fine.

مەن هاۋانىڭ داۋاملىق ئوچۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

It's clearing up.
هاۋا ئېچىلدى.

It's going to turn cloudy.
هاۋا تۇتۇلدى.

It is a terrible / an awful day.
نەس باسقان هاۋا.

It's cloudy hardly.
هاۋا بەك تۇتۇق.

I think it will turn out a wet day.

مېنىڭچە بۈگۈن يامغۇر ياغىدۇ.

I wonder whether it's going to rain tomorrow?

ئەتە يامغۇر ياغىدىغان ياغمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

It looks like snow (rain/thunder).

قارىغاندا قار ياغىدىغان (يامغۇر ياغىدىغان، چاقماق چاقىدىغان) ئوخشايدۇ.

It is pouring /snowing.

قاتتىق يامغۇر (قار) يېغىۋاتىدۇ.

It is lightening /thundering.

چاقماق چېقىۋاتىدۇ. / گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەۋاتىدۇ.

It is raining cats and dogs outside.

سىرتتا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

A cold wind is blowing from the north.

سوغۇق هاۋا ئېقىمى شىمالدىن بۇسۇپ كىردى.

According to the weather forecast, it will be fine (cloudy/raining/hot/warm/cool/cold).

هاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئەتە هاۋا ئوچۇق بولىدۇ. (بۇلۇتلۇق، يامغۇرلۇق، قاتتىق ئىسسىق، ئىللىق، سالقىن، قاتتىق سوغۇق).

The weather forecast for today is: cloudy in the morning, overcast in the afternoon, showers sometimes, the highest temperature 35℃, the lowest temperature 25℃.

بۈگۈنكى هاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بولسا: چۈشتىن بۇرۇن هاۋا بۇلۇتلۇق، چۈشتىن كېيىن هاۋا تۇتۇق، ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 35℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25℃ بولىدۇ.

The temperature is about 25℃.

بۈگۈن 25℃ ئەتراپىدا بولىدۇ.

It's 10℃ below zero.

نۆلدىن تۆۋەن 10℃.

Today is blowing the wind of force 6 from the south /the east.

بۈگۈن ئالتە بال جەنۇب شامىلى / شەرق شامىلى چىقىدۇ.

I'm so having trouble with the weather here.

مەن تېخىچە بۇ يەرنىڭ كىلىماتىغا كۆنەلمىدىم.

www.uyghurkitap.com



I can't stand the bad weather.

مەن بۇ نەس باسقان ھاۋاغا چىدىيالمىدىم.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

A: A beautiful day, isn't it?

بۈگۈن ھاۋا ياخشى، شۇنداقمۇ؟

B: Yes, nice and sunny.

ھەئە. ھاۋا ئوچۇق كۈن بوپتۇ.

A: It's so great to see sunshine again after those rainy days.

شۇنچە كۆپ يامغۇرلۇق كۈندىن كېيىن قۇياشنى كۆرۈش بەك پەيزى

ئىكەن.

B: I prefer sunny days to rainy days.

يامغۇرلۇق كۈنگە قارىغاندا مەن ھاۋا ئوچۇق كۈننى بەكرەك ياقتۇرىمەن.

A: Me too.

مەنمۇ شۇ.

B: I really hope the weather will keep fine.

مەن ھاۋانىڭ داۋاملىق ئوچۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

A: As long as it doesn't rain!

يامغۇر ياغمىسىلا بولىدى.

### Dialogue2

A: What's the weather like in Guangzhou?

گۇاڭجۇنىڭ ھاۋاسى قانداقراق؟

B: It's warm in spring and sometimes it rains.

ئەتىيازدا ئىللىق، بەزىدە يامغۇر ياغىدۇ.

A: How about summer, autumn and winter?

ئۇنداقتا يازدا، كۈزدە ۋە قىشتا قانداق بولىدۇ؟

B: It's hot and rainy in summer, cool and dry in autumn, and not cold in winter.

يازدا بەك ئىسسىق، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. كۈزدە سالقىن، قۇرغاق بولىدۇ، قىشتا سوغۇق بولمايدۇ.

A: That's to say spring, autumn and winter are comfortable except for summer.

يازدىن باشقا ۋاقىتنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن راھەت بولىدۇ دەڭا.

B: That's quite right.

شۇنداق.

## Dialogue 3

A: What a downpour!

نېمىدېگەن قاتتىق يامغۇر.

B: Do you need an umbrella?

سىزگە كۈنلۈك لازىممۇ؟

A: No, thanks. I have raincoat in my bag.

بولدى، رەھمەت. سومكامدا يامغۇرلۇق كىيىم بار.

B: According to the weather forecast, it is only a drizzle.

ھاۋا رايىدىن مەلۇماتقا قارىغاندا پەقەت ئۆتكۈنچى يامغۇر ئىكەن.

A: Do you think this rain will let up soon.

بۇ يامغۇر سىزنىڭچە تېزلا توختامدۇ؟

B: God knows.

خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## مەدەنىيەت كۆزنىكى

ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا كىشىلىرى ناتونۇش كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقان ۋاقىتتا ھاۋا ياكى ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ مەلۇم بىر تېمىسىدىن باشلايدۇ. ئۇلار ئادەتتە سىزدىن ھاۋا رايى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى سورىمايدۇ. بەلكى بۇنى باشلىنىش گېپى قىلىپ، ئۆزئارا ناتونۇش بولغان كىشىلەر ئۇچراشقاندا دەيدىغان گەپ يوق بولۇش قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، بۇ ئارقىلىق باشقا تېمىلار توغرىسىدا پاراڭلىشىدۇ. غەربلىكلەر فارېنگېيت ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. ئەمما، بىز بولساق سېلسىيە گرادۇس ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. ھاۋا رايىنى مۇلاھىزە قىلىشنىڭ مۇقىم جۈملە شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن: How is the weather today? What's the weather like today? مۇشۇ ئاساستا ئۇنىڭغا مەزمۇن، ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىق مەزمۇنلارنى قوشۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

What's the weather like in Beijing? What's the weather like tomorrow?

# سەككىزىنچى دەرس  قىزىقىش ھەۋەسلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىش

## تىپىك ئىبسىل جۈملىلەر

### قىزىقىش ھەۋەسلىرىنى سوراش

Do you have any hobbies?

سىزنىڭ ئىشتىن سىرت قىزىقىدىغان نەرسىلىرىڭىز بارمۇ؟

What are your hobbies?

سىز ئىشتىن سىرت نېمىگە قىزىقىسىز؟

How do you spend your free time/your holiday?

سىز بىكار ۋاقىتلىرىڭىزنى / دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزىسىز؟

What's your favorite pastime?

سىز ئىشتىن سىرت نېمىگە قىزىقىسىز؟

What do you do for recreation?

سىز نېمە پائالىيەت ئارقىلىق ئىش يۈكىڭىزنى چىقىرىسىز؟

Do you have any special interests besides your job?

خىزمەتتىن سىرت سىز يەنە نېمىلەرگە بەكرەك قىزىقىسىز؟

Do you often do amusement after class?

سىلەر دەرستىن كېيىن ھەمىشە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزەمسىلەر؟

Which sports do you like?

سىز قايسى تۈردىكى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ياخشى كۆرىسىز؟

What sport is popular in your country?

سىلەرنىڭ دۆلەتتە قايسى تۈردىكى تەنھەرىكەت بەكرەك ئومۇملاشقان؟

Do you like swimming?

www.uyghurkitap.com



سىز سۇ ئۇزۇشنى ياقتۇرامسىز؟

Do you keep on pop music?

سىز مودا مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟

Do you like this color?

سىز بۇ رەڭنى ياخشى كۆرەمسىز؟

How do you like this skirt?

سىزنىڭچە بۇ يوپكا قانداقراق ئىكەن؟

What do you think about this film?

سىزنىڭچە بۇ كىنو قانداقراق ئىكەن؟

What sort of music/film do you like?

سىز قانداق تۈردىكى مۇزىكىنى / كىنونى ياخشى كۆرىسىز؟

Who is the leading actor /main actor?

بۇ فىلىمنىڭ باش ئەر ئارتىسى كىم؟

What is on TV /on Channel 5?

هازىر تېلېۋىزوردا / 5 ـ قانالدا قانداق پىروگرامما بار؟

## جاۋاب بېرىش ياكى بايان قىلىش

At the free time I see film or watch TV (listen to music/play basketball).

بىكار ۋاقىتلىرىمدا مەن كىنو ياكى تېلېۋىزور كۆرىمەن (مۇزىكا ئاڭلايمەن، ۋاسكېتبول ئوينايمەن).

I play the piano (collect stamps/listen to popular music/listen to classical music/play chess) for recreation.

مەن پىيانىنو چېلىپ (ماركا توپلاپ، مودا مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، كىلاسسىك مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، شاھمات ئويناپ) ئىچ پۇشقىمنى چىقىرىمەن.

I like Beethoven's symphonies.

مەن بېتخوۋېننىڭ سىمفونىيەلىرىنى ياخشى كۆرىمەن.

I like feature film (love film/historical film).

مەن ھېكايە فىلىمىنى ياخشى كۆرىمەن (مۇھەببەت فىلىمىنى، تارىخى فىلىمىنى).

I love that design.

مەن ئاۋۇ خىل پاسوننى ياخشى كۆرىمەن.

She's crazy about dancing.

ئۇ ئۇسسۇل ئويناشقا مەپتۇن بولۇپ قالدى.

I am fond of music (popular music/classical music/orchestral music/jazz music/Chinese music/western music).

مەن مۇزىكىنى ياخشى كۆرىمەن (مودا مۇزىكا، كىلاسسىك مۇزىكا، سىمفونىيەلىك مۇزىكا، جاز مۇزىكىسى، جۇڭگو مۇزىكىلىرى، غەربنىڭ مۇزىكىلىرى).

I fancy tennis ball.

مەن تېننىس توپنى ياخشى كۆرىمەن.

I enjoy painting.

مەن رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىمەن.

I love playing computer games.

مەن كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن.

I am interested in taking photos.

مەن سۈرەتكە تارتىشنى ياخشى كۆرىمەن.

I like going fishing in my spare time.

بوش ۋاقىتلاردا مەن بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

A: Do you have any hobbies?

سىزنىڭ ئىشتىن سىرت قىزىقىشىڭىز بارمۇ؟

B: Yes, I love collecting stamps. I also like playing the piano. What about you?

بار، مەن ماركا توپلاشنى، پىيانىنو چېلىشنى ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ؟

A: I'm interested in taking photos, but I'm only a beginner. I'm not very good at it.

مەن سۈرەتكە تارتىشنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، مەن ئۆگىنىشنى ئەمدىلا باشلىدىم، سۈرەتكە ئانچە ياخشى تارتالمايمەن.

B: Do you spend lots of money in taking photos?

سۈرەتكە تارتىشقا بەك جىق پۇل كېتەمدۇ؟

A: No, it is not very expensive. Of course you must buy a camera. Some cameras are expensive, but you can buy a quite cheap one. Some of them are very good. If you buy a digital camera, you don't need to buy developer .You can look at the pictures on computer.

بەك جىق پۇل كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە سىز چوقۇم بىر فوتو ئاپپاراتى سېتىۋېلىشىڭىز كېرەك. بەزى فوتو ئاپپاراتى بەك قىممەت. لېكىن، سىز ئەرزانراقىنى سېتىۋالسىڭىزلا بولىدۇ. ئەزانلىرىنىڭمۇ بەزىلىرىنىڭ سۈپىتى يامان ئەمەس. ئەگەر رەقەملىك فوتو ئاپپاراتى سېتىۋالسىڭىز رەسىمنى كومپيۇتېردا كۆرگىلى بولىدۇ. رەسىم يۇيۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ھاجەتسىز.

## Dialogue 2

A: Are you free tonight?

كەچتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

B: Yes. What's the matter?

بار. نېمە ئىش؟

A: Do you like watching basketball games?

سىز ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى كۆرۈشنى ياقتۇرامسىز؟

B: Yes, I'm specially crazy about the NBA.

ياقتۇرىمەن، مەن NBA نىڭ مۇسابىقىسىنى كۆرۈشكە بەك ئامراق.

A: Shall we go and watch a basketball game?

بىز ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى كۆرگىلى بارساق قانداق؟

B: Ok. Which teams are playing?

بولىدۇ. قايسى ئىككى كوماندا مۇسابىقىلىشىدىكەن؟

A: The American Team versus the Japanese.

ئامېرىكا كوماندىسى بىلەن ياپونىيە كوماندىسى.

B: Who do you think will win?

سىزنىڭچە قايسى كوماندا ئۇتۇپ چىقىدۇ؟

A: I don't know, but I don't like the Japanese team.

بىلمەيمەن، لېكىن مەن ياپونىيە كوماندىسىنى ياقتۇرمايمەن.

B: I expect the American team will win, as they have many top players.

مەن ئامېرىكا كوماندىسىنىڭ يېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن چولپانلىرى بار.

A: Let's cheer our side on!

ئۇنداقتا بىرلىكتە بىز ياخشى كۆرىدىغان كوماندىغا مەدەت بېرەيلى.

www.uyghurkitap.com



## Dialogue 3

A: What kind of sports is the most popular in your country?

سىلەرنىڭ دۆلەتتە قايسى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ؟

B: First of all there's table tennis. That's almost our national game.

ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشىدىغىنى تىنىك - تاك توپ، ئۇنى بىزنىڭ دۆلەت توپىمىز دېيىشكە بولىدۇ.

A: Yes, one of the advantages about it is that it doesn't need too much space. How good are you at it, Mr. Liang?

توغرا، ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولسا ئۇ چوڭ ئورۇن تەلەپ قىلمايدۇ. لياڭ ئەپەندىم، سىز تىنىك - تاك توپنى قانداقراق ئوينايسىز؟

B: Not very good, but not bad.

بەكمۇ ياخشى ئەمەس، بەكمۇ ناچار ئەمەس

A: What does playing table tennis require?

تىنىك - تاك توپ ئويناشقا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ؟

B: Oh, it's not that easy. It requires speed, balance, agility, coordination and good footwork. Do you like it?

ھە. ياخشى ئويناش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇ سۈرئەتنى، تەڭپۇڭلۇقنى، چاققانلىقنى، ماسلىشىشنى ۋە قەدەم ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ. سىز تىنىك - تاك توپ ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

A: Yes, I hope you can teach me these skills sometime.

شۇنداق، مەن سىزنىڭ بۇ ئۇسۇللارنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

B: Sure, my pleasure.

بولىدۇ، مەن تەييار.

# توققۇزىنچى دەرس  تېلېفون ئۇرۇش ۋە تورغا چىقىش

## تېپىك ئىبسىل جۇملىلەر

### تېلېفون ئۇرۇش

May I speak to Miss Lai?

لەي خانقىزنى چاقىرىپ قويسىڭىز بولامدۇ؟

Is that Mr. Liang speaking?

سىز لياڭ ئەپەندىمۇ؟

I want to make a phone call (a local call/a long-distance call/ an international call).

مەن تېلېفون ئۇرماقچىدىم (شەھەر ئىچى تېلېفونى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، خەلقئارالىق تېلېفون).

Please connect me with Sun Yat-Sen University.

ماڭا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۇلاپ بېرىڭ.

Could you put me through to Extension 6507, please?

ماڭا 6507 ـ تارماق تېلېفونىنى ئۇلاپ بېرىڭ.

I have something urgent to consult Mr. Chen.

مېنىڭ چېن ئەپەندىمنى ئىزدەيدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

Give me a ring.

ماڭا تېلېفون قىلىڭ.

Call me tomorrow.

ئەتە ماڭا تېلېفون قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## تېلېفون قوبۇل قىلىش

Who is that, please? كىم بولىسىز؟

This is Jennifer speaking. مەن جېننىفېر.

It is me. مەن شۇ (سىز دەۋاتقان تېلېفوننى ئالغان ئادەم).

Speaking. دەۋېرىڭ (سىز دەۋاتقان تېلېفوننى ئالغان ئادەم).

You have.

مەن شۇ (سىز دەۋاتقان تېلېفوننى ئالغان ئادەم).

Hold on, please. سەل ساقلاپ تۇرۇڭ.

I put Jenny on. تېلېفوننى جېننىيغا بېرەي.

Would you speak a little louder? چىڭراق ئاۋازدا سۆزلەڭ بولامدۇ؟

May I have your name, please? ئىسمىڭىز نېمە؟

How do you spell your name? ئىسمىڭىزنى قانداق يازىدۇ؟

## سىز دېگەن ئادەم يوق ياكى ئالدىراش

May I leave her a message?

ئۇنىڭغا سۆز قالدۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟

Could I take a message?

سىزگە سۆز قالدۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟

What's your phone number?

سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىز قانچە؟

Can you tell me her home telephone number /her mobile phone number, please?

ماڭا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى / قول تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

Please call him thirty minutes later.

ئۇنىڭغا يېرىم سائەتتىن كېيىن تېلېفون قىلىڭ.

**Would you mind calling back later?**

سەل تۇرۇپ تېلېفون قىلامسىز؟

**Would you call me back in one hour if possible?**

بىر سائەتتىن كېيىن تېلېفون قىلسىڭىز بولامدۇ؟

I'll ring her up again.

مەن ئۇنىڭغا يەنە تېلېفون قىلىمەن.

I'm afraid he won't be back until 10 p.m.

بەلكىم ئۇ كەچ سائەت 10 دا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

Please tell Tom to call me back.

تامغا دەپ قويسىڭىز ماڭا تېلېفون قىلسۇن.

## تېلېفوننى قويۇۋېتىش

I have to get off the phone.

مەن ئامالسىز تېلېفوننى قويۇۋەتتىم.

**He hung up on me.**

مېنىڭ گېپىم تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

You had better get off the phone.

ئەڭ ياخشىسى سىز تېلېفوننى قويۇۋېتىڭ.

**Don't hang up the phone until I come back.**

مەن قايتىپ كەلمىگۈچە تېلېفوننى قويۇۋەتمەڭ.

She got off the phone ten minutes ago.

ئۇ ئون مىنۇت بۇرۇن تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

## سىم يولى مەسىلىسى

Sorry, your calling is busy now.

كەچۈرۈڭ، سىز ئۇرغان تېلېفون ئالدىراش.

www.uyghurkitap.com



**Her line is busy now.**

ئۇنىڭ تېلېفونى ئالدىراش.

**The lines are very bad.**

سىم يول بەك ناچار.

**I was cut off during the telephone call.**

سۆزلىشىۋاتقاندا تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى.

**I call her, but the phone went dead.**

ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇردۇم، لېكىن ئۇلانمىدى.

**The line was disconnected because John forgot to pay the telephone bill.**

جون تېلېفون ھەققىنى تۆلەشنى ئۇنتۇلۇپ قالغاچقا، تېلېفون توختاپ قالدى.

## تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويۇش

**There is nobody here by that name.**

بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق.

**I'm afraid that you have the wrong number.**

تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويغان ئوخشايسىز.

## توردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر

I like to surf the web/net.

مەن تورغا چىقىپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

Are you on-line?

سىز توردا بارمۇ؟

Did you receive my E-mail?

مەن ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ؟

I didn't have any letters today, only junk mail.

بۈگۈن ماڭا ئەخلەت تېلېگىراممىلا كەپتۇ.

The E-mail you sent this morning was returned as undeliverable.

ئەتىگەندە يوللىغان تېلېگىراممىا يوللاشقا بولمىغاچقا قايتىپ كەپتۇ.

My E-mail address is lt@163.com.

مېنىڭ پوچتا ساندۇقۇمنىڭ ئادرېسى @163.com.

We keep in touch by E-mail.

بىز تېلېگىراممىا ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.

I like chatting on the Internet.

مەن توردا پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن.

I have many net pals.

مېنىڭ نۇرغۇن تورداشلىرىم بار.

Li Ming is a deep cyber worm.

لى مىڭ بولسا بىر تور مەستانىسى.

Sometimes I do shopping on-line.

مەن بەزىدە توردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالىمەن.

Which website is your webpage in?

سىزنىڭ تور بېتىڭىز قايسى تور بېكىتىدە؟

Can you use a computer skillfully?

سىز كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى پىششىق بىلەمسىز؟

Do you know the computer's hardware /software well?

سىز كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتال / يۇمشاق دېتالغا پىششىقمۇ؟

Computer is composed of software and hardware.

كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال ۋە قاتتىق دېتالدىن تۈزۈلىدۇ.

Don't believe those gossips on the Internet.

توردىكى ئۇ پىتنە - ئىغۋالارغا ئىشەنمەڭ.

Do you upgrade the software of antivirus?

www.uyghurkitap.com



سىز ۋىرۇس تازىلاش يۇمشاق دېتالىنىڭ نەشر نۇسخىسىنى يېڭىلىدىڭىزمۇ؟

You need to clear up the computer virus.

سىز كومپيۇتېرىڭىزدىكى ۋىرۇسلارنى تازىلىسىڭىز بولغۇدەك.

I think that your computer is sick.

مېنىڭچە سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزدىن چاتاق چىقتى.

The computer doesn't work.

كومپيۇتېردىن چاتاق چىقتى.

I can't connect to the local network.

مەن دائىرىلىك تورغا ئۇلىنالمايۋاتىمەن.

This software is out of date.

بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

My computer can't follow the fashion.

مېنىڭ كومپيۇتېرىم زامانىنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ.

How big is your hard drive?

سىزنىڭ قاتتىق دىسكىڭىزنىڭ سىغىمچانلىقى قانچە؟

This is the digital age.

هازىر دىگەن رەقەملەشكەن دەۋر.

The image file is too big.

رەسىم هۆججىتى بەك چوڭ ئىكەن.

I'm looking for a program called FlashGet.

مەن توردىن تېز چۈشۈرۈش پىروگراممىسىنى ئىزدەۋاتىمەن.

This file will take ten minutes to download.

بۇ هۆججەتنى چۈشۈرۈشكە ئون مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ.

Interactive games are popular now.

هازىر توردا دىيالوگ ئويۇنلار بەك مودا بولۇپ كەتتى.

## مودا بولۇۋاتقان دىيالوگلار

### Dialogue1

Hello. ياخشىمۇسىز!

Hello. May I speak to Li Li? ياخشىمۇسىز! لى لى بارمۇ؟

A: Speaking. سۆزلەۋاتىمەن شۇ

Hi, Li Li. This is Huang Ming. ھەي، لى لى، مەن خۇاڭ مىڭ.

Oh, hi, Huang Ming. How've you been?

ياخشىمۇسىز خۇاڭ مىڭ، يېقىندىن بېرى قانداقراق؟

B: Just fine. I call to ask if you are busy tomorrow evening.

يامان ئەمەس، ئەتە كەچ ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

A: Let me see. No, I don't think I've got anything planned. Why?

قاراپ باقاي، مېنىڭچە باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشۇم يوق، نېمە ئىش ئىدى؟

B: Well, Shall we have dinner together and go to the dance?

ياخشى بولدى. سىزنى كەچلىك تاماقنى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلاي دېگەنىدىم ھەمدە تاماقتىن كېيىن ئۇسسۇل كېچىلىكىگە بارىمىز.

A: Oh, that sounds a good idea. ۋاھ، ياخشى پىكىر بولدى.

B: Let's meet at 6:00 p.m. I will be at your house door waiting for you.

ئۇنداقتا بىز ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە كۆرۈشەيلى، مەن سىزنى ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلايمەن.

A: Ok, I'll see you tomorrow. Bye. بولىدۇ، ئەتە كۆرۈشەيلى، خوش

B: Bye-Bye. خەير - خوش.

### Dialogue 2

A: Hello! ياخشىمۇسىز!

B: Hello! May I speak to Mr. Chen, please?

www.uyghurkitap.com



ياخشىمۇسىز! چېن ئەپەندىم بارمۇ؟

A: Hold on a minute. I'll see if he's in… I'm sorry that he's out right now.

سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ئۇ بارمىكىن قاراپ باقاي... كەچۈرۈڭ، ئۇ ھېلىلا چىقىپ كېتىپتۇ.

B: What time will he be back, do you know? I have something urgent to talk to him about.

ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇنى ئىزدەيدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

A: I'm not quite sure. Could I take a message?

مەنمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن، ئۇنىڭغا سۆزىڭىزنى دەپ قويسام بولامدۇ؟

B: Thanks, Please tell him to call back.

رەھمەت سىزگە، ئۇنىڭغا دەپ قويسىڭىز، ماڭا تېلېفون قىلسۇن.

A: Can I have your name and phone number?

ئىسمىڭىز بىلەن تېلېفون نومۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويامسىز؟

B: My name is Zhang Ning, and my number is 8411-0000.

ئىسمىم جاڭ نىڭ، تېلېفون نومۇرۇم 8411_0000

A: Mr. Zhang Ning at 8411-0000. I'll give Mr. Chen your message as soon as he comes back.

جاڭ نىڭ ئەپەندىم، 0000 _ 8411. چېن ئەپەندىم قايتىپ كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا قالدۇرغان سۆزىڭىزنى يەتكۈزۈپ قويىمەن.

B: Thank you very much. سىزگە كۆپ رەھمەت.

A: You're welcome. تۇزۇت قىلماڭ.

## Dialogue 3

A: Good afternoon. I'd like to speak to Linda, please. This is Joe.

چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مەن جو بولىمەن لىندا بارمۇ؟

B: Oh, I'm sorry. But there is no one here by that name. I think you must have the wrong number.

كەچۈرۈڭ، بۇ يەردە بۇنداق ئادەم يوق. خاتا ئۇرۇپ قالغان ئوخشايسىز.

A: Is this 0721-2435-231?

بۇ 231 ـ 2435 ـ 0721 نومۇرمۇ؟

B: No, this 0721-2435-213.

ياق، بۇ دېگەن 213 ـ 2435 ـ 0721 نومۇر

A: Oh, I have made a mistake. Sorry to have bothered you.

ھە، خاتا ئۇرۇپ سايتىمەن، كەچۈرۈڭ سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

B: That's all right.

ھېچقىسى يوق.

## Dialogue 4

A: Hello, this is the Business Center of Hua Feng Hotel. May I speak to Mr. Zhao, please?

ياخشىمۇسىز، بۇ خۇافېڭ مېھمانسارىيىنىڭ سودا ئىشلىرى مەركىزىمۇ؟
مەن جاۋ ئەپەندىمنى ئىزدەيمەن.

B: Yes, speaking.

مەن شۇ سۆزلەك.

A: Hello, Mr. Zhao. This is Li Ming from the Business Center of Hua Feng Hotel. The E-mail I sent to you yesterday was returned as undeliverable.

ياخشىمۇسىز، جاۋ ئەپەندىم، مەن خۇافېڭ مېھمانسارىيىنىڭ سودا ئىشلىرى مەركىزىدىكى لى مىڭ بولىمەن. مەن تۈنۈگۈن سىزگە ئەۋەتكەن ئېلېكترونلۇق خەت سالغىلى بولمىغاچقا قايتىپ كەپتۇ.

B: Oh, do you know what the problem is?

ھە، نېمىشقا ئۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

A: It said, "Host Unknown". Are you sure the address is correct?

قايتۇرۇلغان ئەسكەرتىشتە «قوبۇل قىلغۇچىنى تاپالمىدى» دېيىلىپتۇ.

ئادرېسىنىڭ توغرىلىقىنى جەزملەشتۈرەلەمسىز؟

B: Well, I will check it again. Could you send it again for me?

بولىدۇ، مەن يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باقاي. ماڭا يەنە بىر قېتىم ئەۋەتىپ بېرەلەمسىز؟

A: Sure, it is my pleasure. بولىدۇ، شۇنداق قىلىشنى خالايمەن.

B: Thanks. رەھمەت سىزگە.

A: You're welcome. تۈزۈت قىلماڭ.

## Dialogue 5

A: What entertainment can I enjoy online?

توردا قانداق كۆڭۈل ئېچىش پىروگراممىسى بار ئىكەن؟

B: You can listen to music, watch movies, play internet games or chat with others.

سىز تورغا چىقىپ ناخشا ئاڭلىسىڭىز، كىنو كۆرسىڭىز، تور ئويۇنى ئوينىسىڭىز، باشقىلار بىلەن پاراڭلاشسىڭىز بولىدۇ.

A: Can you teach me to chat through the Internet?

ماڭا تورغا چىقىپ پاراڭلىشىشنى ئۆگىتىپ قويامسىز؟

B: That's my favorite. First of all you must get into the chat room of a web site and register a username. Then you should choose a topic. The last step is to choose a party you would like to chat with.

بولىدۇ. ئالدى بىلەن سىز تور دىكى پاراڭلىشىش چايخانىسىغا كىرىپ ئابونت نامىڭىزنى تىزىمغا ئالدۇرۇشىڭىز كېرەك. ئاندىن كېيىن بىر تېمىنى تاللايسىز. ئەڭ ئاخىرىدا سىز پاراڭلىشىشنى ياقتۇرىدىغان ئادەم بار گۇرۇپپىنى تاللايسىز.

A: How can I listen to music or watch movies on line?

ئۇنداقتا مەن قانداق قىلسام مۇزىكىنى ئاڭلىيالايمەن ۋە كىنو كۆرەلەيمەن؟

B: First, you must install special software for playing music or video, such as StormCode. Second, you choose a web site for music or video. And then you can enjoy music or movies by hitting the button.

ئالدى بىلەن سىز چوقۇم كىنو كۆرىدىغان ياكى ناخشا ئاڭلايدىغان مەخسۇس ئىشلەتكەن يۇمشاق دېتالنى قاچىلايسىز. مەسىلەن، «ستوم كودى» دېگەنگە ئوخشاش. ئاندىن مۇزىكا ياكى كىنو تور بېكىتىگە چېكىپ ئۆزىڭىز ھۇزۇرلانماقچى بولغان مۇزىكا ياكى كىنونى چەكسىلا بولىدۇ.

A: Can I enjoy MP3 with the StormCode?

سىز «ستوم كودى» قويغۇچنى ئىشلىتىپ MP3 مۇزىكىلىرىنى قويالامسىز؟

B: Yes, of course. StormCode is a powerful multimedia playing software.

ئەلۋەتتە قويالايمەن. «ستوم كودى» قويغۇچى بولسا كۈچلۈك بولغان كۆپ مېدىيالىق قويۇش يۇمشاق دېتالى.

A: Thank you very much!

سىزگە كۆپ رەھمەت

B: My pleasure.

رەھمەت ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## Dialogue 6

A: Can you tell me how to do shopping on the Internet?

ماڭا توردا نەرسە - كېرەكلەرنى قانداق سېتىۋالىدىغانلىقىنى دەپ بېرەمسىز؟

B: Ok. You can enter the shopping web sites or Internet stores, which will provide you with detailed instructions of the goods, such as the prices, pictures. You can find which you enjoy.

بولىدۇ، سىز مال سېتىۋېلىش تور بېكىتى ياكى تور ماگىزىنلىرىغا كىرسىڭىز، ئۇ سىزنى ھەربىر تاۋارنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، باھاسى ۋە پاسونى دېگەندەك. شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىڭىز ياقتۇرغاننى ئىزدەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



B: When you have made your decision, you can order according to the instructions. Then you can wait at home for the goods to be delivered to you.

سىز تاۋارنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن زاكاس قىلىسىز. ئاندىن سىز ئۆيىڭىزدە مالنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتىسىز.

A: How do I pay for Internet shopping?

ئۇنداقتا پۇلىنى قانداق تۆلەيمەن؟

B: You can pay when you receive the goods, which is the most popular way in China at the moment. Or you can pay through the bank, which is known as “Internet deal and Internet payment”.

مال يەتكۈزۈلۈپ كەلگەندە تۆلەيسىز. جۇڭگودا ھازىر بۇ دىگەن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان ئۇسۇل. سىز يەنە توردىكى بانكا ئارقىلىق ھېسابات قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، يەنى «تور سودىسى» نى توردا تۆلەش دىگەندەك.

# ئونىنچى دەرس ئۇچرىشىش

## تىپىك ئىبىسىل جۈملىلەر

### تەكلىپ قىلىش

Will you be free this afternoon?

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

Do you happen to be free tomorrow?

ئەتە سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

Are you free at the moment? Let me know when you are free.

ھازىر ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ قاچان ۋاقتىڭىز بارلىقىنى دەپ بېرىڭ.

Maybe we could go to a movie today.

بىز بۈگۈن كىنو كۆرگىلى بارساق بولامدۇ؟

Would you go to see a film with me tonight?

بۈگۈن كەچ مەن بىلەن كىنو كۆرگىلى بارالامسىز؟

How about seeing a film?

كىنو كۆرۈپ كەلسەك قانداق؟

How about going out for a drink with me?

مەن بىلەن چىقىپ بىرەر رومكا ئىچىشسىڭىز قانداق؟

What about a round of golf sometime today?

بۈگۈن ۋاقىت چىقىرىپ گولف توپ ئوينىساق قانداق؟

I'd like to make/fix an appointment to see you tomorrow.

دېيىشىپ قويايلى، ئەتە چۈشتىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈشەي.

I'd like to make an appointment with you tomorrow if you

have time.

ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا، ئەتە سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەنىدىم.

I wonder if we could reschedule our appointment to sometime the day after tomorrow.

ۋاقىتنى ئۆگۈنلۈككە كۆرۈشۈشكە ئۆزگەرتسەك بولامدۇ؟

Let's make an appointment for some other day.

بىز باشقا كۈنى كۆرۈشەيلى.

Would it be convenient to see you on Saturday?

شەنبە كۈنى سىزنى يوقلاپ بارسام بولامدۇ؟

Would you like to arrange for a meeting/personal interview?

سىز كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى / شەخسىي ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى خالامسىز؟

We'd like a personal interview with your husband.

بىز يولدىشىڭىز بىلەن ئايرىم كۆرۈشمەكچى.

What time would be convenient for you?

سىزنىڭ قاچان ۋاقتىڭىز چىقىدۇ؟

I'd like to see you at your earliest possible convenience.

مېنىڭ سىز بىلەن بۇرۇنراق كۆرۈشكۈم بار ئىدى.

Shall I call for you or you come for me?

مەن سىزنى ئىزدەپ بارامدىم ياكى سىز مېنى ئىزدەپ كېلەمسىز؟

May I expect you at six o'clock?

مەن سائەت ئالتىدە سىزنى ساقلاپ تۇراي بولامدۇ؟

I'll be expecting you then.

ئۇنداقتا مەن سىزنى ساقلاپ تۇراي.

I'll be so glad if you can come.

ئەگەر سىز كېلەلىسىڭىز بەك خۇشال بولاتتىم.

Please call me if you can't keep this appointment.

ئەگەر سىز دېيىشكىنىمىزدەك قىلالمىسىڭىز ماڭا تېلېفون قىلىڭ.

## ماقۇل بولۇش

OK. بولىدۇ.

No problem. چاتاق يوق.

Good/Great idea. ياخشى پىكىر.

Any day will suit me.

ماڭا نىسبەتەن قايسى كۈنى بولسا بولىۋېرىدۇ.

Whenever you like.

ئىختىيارىڭىز، قاچانلا بولسا بولىۋېرىدۇ.

## ياق دېيىش

I'm afraid I'm busy tomorrow.

بەلكىم ئەتە مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن.

I'm afraid I can't be free this evening.

بەلكىم بۈگۈن كەچتە ۋاقتىم يوق بولۇشى مۇمكىن.

Today is all filled up.

بۈگۈن ئورۇنلاشتۇرۇش توشۇپ كەتتى.

I'm not myself today.

بۈگۈن مېنىڭ مىجەزىم يوق.

I'm feeling under the weather today.

بۈگۈن مېنىڭ مىجەزىم يوق.

I'm not so well today.

بۈگۈن مەن بەك ياخشى ئەمەس.

I'm not quite sure whether I'll be free at four.

مەن سائەت تۆتتە ۋاقتىم بار - يوقلىقىنى بىلمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مودا دىيالوگلار

### Dialogue 1

A: Hello, Jane.

ياخشىمۇسىز جىن.

B: Hi, Jack. Are you doing anything tonight?

ياخشىمۇسىز جەك، بۈگۈن كەچ ئىشىڭىز بارمۇ؟

A: Yeah, I'm afraid I'm busy tonight.

ھەئە، بەلكىم مەن بەك ئالدىراش بولىمەن.

B: How about tomorrow evening? Maybe we could go to a movie.

ئۇنداقتا ئەتە كەچتىچۇ؟ بىز بەلكىم بىرىپ كىنو كۆرۈپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

A: That sounds like a great idea!

بولىدىغان گەپكەنغۇ.

B: Let's meet at six o'clock.

بىز سائەت ئالتىدە ئۇچرىشايلى.

A: OK. See you tomorrow evening then.

بولىدۇ. ئۇنداقتا ئەتە كەچتە كۆرۈشەيلى.

B: I'll see you then.

ئەتە كەچتە كۆرۈشەيلى.

### Dialogue 2

A: Hello. Jenny Clinton here.

ياخشىمۇسىز. مەن جەن كلىنتون بولىمەن.

B: Hello, Jenny. Frank speaking. What about a round of golf sometime next week?

ياخشىمۇسىز جېن، مەن فىرەنىك. كېلەر ھەپتە بىرەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ گولف توپ ئوينىساق قانداق؟

A: Good idea. But I'm going to be pretty busy from Monday to Friday next week.

ياخشى گەپ بولدى. لېكىن، مەن كېلەركى ھەپتىنىڭ بىرىدىن بەشىگىچە بەك ئالدىراش.

B: Well, how about next Saturday?

ئۇنداقتا كېلەر شەنبە كۈنى قانداق؟

A: Let me see… Yes, I'll be free in the afternoon.

ئويلىنىپ باقاي ... توغرا، ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مېنىڭ ۋاقتىم بار.

B: Good, let's say 3:00 then, shall we?

بولىدۇ، ئۇنداقتا سائەت ئۈچتە كۆرۈشەيلى بولامدۇ؟

A: Yes, 3:00 will be fine. I'll see you there.

بولىدۇ، ئۈچتە بولسۇن. ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈشەيلى.

B: Right. I am looking forward to it.

ماقۇل، مەن شۇ كۈننى كۈتىمەن.

A: Me too. Bye.

مەنمۇ شۇ، خەير ـ خوش.

B: Goodbye.

خوش.

## Dialogue 3

A: Hello. This is Mary Bush speaking.

ياخشىمۇسىز، مەن مارىي بوش بولىمەن.

B: Good morning, Mary. This is Mike.

خەيرلىك سەھەر مارىي. مەن مايىك.

A: I'm pretty sorry, Mike. Something has come up and I won't be able to keep my appointment with you on Thursday morning.

كەچۈرۈڭ مايىك، پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن كۆرۈشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بارالمايدىغان بولدۇم، تۇيۇقسىز ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى.

B: That's OK.

ھېچقىسى يوق.

A: I wonder if we could reschedule our appointment to sometime early next week.

بىز كېلەر ھەپتە بالدۇرراق كۆرۈشۈشكە ئۆزگەرتسەك بولامدۇ؟

B: Certainly if I'm not busy.

ئەگەر مېنىڭ ۋاقتىم بولسىلا ئەلۋەتتە بولىدۇ.

A: What about next Monday?

كېلەر دۈشەنبە قانداق؟

B: Morning or afternoon?

چۈشتىن بۇرۇنمۇ ياكى چۈشتىن كېيىنمۇ؟

A: In the morning.

چۈشتىن بۇرۇن.

B: That would be fine. Can we make it at nine?

ئۇنداقتا ماقۇل، سائەت توققۇزدا بولسا بولامدۇ؟

A: It suits me fine. Shall we meet at the gate of the People's Park?

ماڭا ناھايىتى ماس كېلىدىكەن. بىز خەلق باغچىسى ئالدىدا كۆرۈشەيلى بولامدۇ؟

B: Sure. Right there at nine next Monday morning. Bye-bye.

بولىدۇ، كېلەر دۈشەنبە سەئەت توققۇزدا خەلق باغچىسى ئالدىدا كۆرۈشەيلى. خەير - خوش.

A: Goodbye.

خوش.

# ئون بىرىنچى دەرس   ئاشپۇزۇلدا غىزالىنىش

## تىپىك ئىبسىل جۈملىلەر

### مۇلازىمەتچىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەر

Good afternoon, sir. Can I help you?

چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ئەپەندىم. نېمە بۇيرۇتىسىز؟

Have you got a reservation?

سىز ئورۇن زاكاز قىلىپ قويغانمىدىڭىز؟

This way, please.

بۇ ياققا مەرھەمەت.

There's a table for two over there.

ئاۋۇ تەرەپتە ئىككى كىشىلىك ئۈستەل بار.

Here is your table, isn't it all right?

بۇ سىلەرنىڭ ئۈستىلىڭلار. بولامدىكەن؟

Sorry, all the tables are booked today.

كەچۈرۈڭ. بۈگۈن ھەممە ئۈستەللەر زاكاز قىلىنىپ بولدى.

They are all booked up tonight.

بۈگۈن كەچ ھەممە ئۈستەللار زاكاز قىلىنىپ بولدى.

How many in their group?

ئۇلار قانچە ئادەم؟

Are you ready to order?

تاماق بۇيرۇتامسىلەر؟

Here is the menu.

سىزگە تاماق تىزىملىكى بېرەي.

Have you decided on something?

سىزنىڭ نېمە بۇيرۇتقىڭىز بار؟

What would you like to have?

سىزنىڭ نېمە يېگۈڭىز بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



Would you like something to drink?

سىلەر نېمە ئىچىسىلەر؟

Would you like some coffee?

ئازراق قەھۋە كەلتۈرسەك قانداق؟

Why don't you try some sandwich?

ساندۇۋىچ ئېتىپ باقامسىلەر؟

And what to follow? ئۇنىڭدىن باشقىچۇ؟

Anything else? يەنە باشقا نەرسە بۇيرۇتامسىز؟

This is chicken soup. بۇ توخۇ شورپىسى.

Will that be to go? ئەكېتەمسىز؟

Eat here or take away?

مۇشۇ يەردە يەمسىز ياكى ئەكېتەمسىز؟

## مېھمانلار دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەر

Let's go to the restaurant. بىز رېستورانغا (ئاشپۇزۇلغا) بارايلى.

I'd like to book a table for eight.

مەن سەككىز كىشىلىك ئورۇن زاكاز قىلماقچىدىم.

We should make a reservation two days ahead.

بىز ئىككى كۈن ئاۋۋال زاكاز قىلىشىمىز كېرەك.

I think a quick lunch will do for me.

مېنىڭچە بىر ۋاق تېز تاماق يېسەكلا بولىدى.

Let's take it. بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرايلى.

I'm starving. مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

Pass me the menu, please. تاماق تىزىملىكىنى بېرىڭ.

May I see your menu, please?

تاماق تىزىملىكىنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

I'd like to eat some French food.

مېنىڭ فىرانسىيەچە قورۇما يېگۈم بار.

Tea is Ok.

چاي بولسىلا بولىدى.

Please pass me the teapot.

چاي چەينىكىنى ئەكېلىپ بېرىڭ.

What are your specialities?

سىلەرنىڭ قانداق ئۆزگىچە قورۇماڭلار بار؟

What's today's special?

بۈگۈنكى ئالاھىدە قورۇماڭلار قايسى؟

What local dishes do you serve?

سىلەردە قايسى جايلارنىڭ قورۇمىلىرى بار؟

What do you recommend?

سىز تونۇشتۇرۇپ باقسىڭىز؟

Could you fix me something light?

بىزگە تۈزسىزراق قىلىپ بېرەلەمسىز؟

Where can I have the best local food?

قەيەردە ياخشى يەرلىك قورۇمىلارنى يېگىلى بولىدۇ؟

Do you serve hot dishes?

سىلەرنىڭ ئاچچىق قورۇماڭلار بارمۇ؟

Anything cold?

سوغۇق سەي بارمۇ؟

Are you fond of seafood?

سىز يېڭى تۇتۇلغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرى يېيىشنى ياقتۇرامسىز؟

May I have two hamburgers, please?

ماڭا ئىككى كىشلىك هامبورگ بولكىسى بېرىڭ.

The same for me.

ماڭىمۇ ئوخشاش بېرىڭ.

I'd like some fried bread stick.

ماڭا پىلتە قۇيماق كەلتۈرۈڭ.

That's all.

مۇشۇ يېتىدۇ.

How long do we have to wait?

بىز يەنە قانچىلىك ساقلايمىز؟

Dinner is ready. تاماق تەييار بولدى.

Help yourself. تارتىنماي ئېلىڭ.

That looks good /delicious! قارىماققا ئوخشىغاندەك قىلىدۇ.

Great /Good/Delicious! بەك يېيىشلىك بوپتۇ.

Help yourself to some fish. ئازراق بېلىق يەڭ.

The meat isn't fresh. بۇ گۆش يېڭى ئەمەس ئىكەن.

That tastes strange. تەمى ئازراق غەلىتە ئىكەن.

Cheers! كۆتۈرەيلى، خوشە!

Sorry, I'm a little drunk. مەن ئازراق مەست بولۇپ قالدىم.

I eat like a pig/horse, when I am hungry.

مېنىڭ قورسىقىم ئاچقان ۋاقىتتا بەك كۆپ تاماق يەيمەن.

Don't eat too much. بەك كۆپ يېمەڭ.

You eat a little. سىز بەك ئاز يېدىڭىز.

She has been on diet for a long time to keep slim.

ئۇ بەدەن شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاماقتىن پەرھىز تۇتقىلى خېلى ئۇزاق بولدى.

I don't feel like eating any more. I'm on a diet.

مەن ئەمدى يېمەيمەن. مەن تاماقتىن پەرھىز تۇتۇۋاتىمەن.

I'm full. مەن تويدۇم.

I've had enough. مېنىڭ قورسىقىم تويدى.

Where can I wash my hands, please?

سوراپ باقاي، قول يۇيۇش ئۆيى قەيەردە؟

Shall we pay separately?

AA بويىچىمۇ؟ (ھەرقايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭكىنى ئۆزۈڭلار تۆلەمسىلەر؟)

Let's pay separately.

AA بويىچە بولسۇن. (ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭكىنى ئۆزىمىز تۆلەيلى)

Let's go Dutch this time.

بۇ قېتىم AA بويىچە بولسۇن. (ھەر قايسىمىز ئۆزىمىزنىڭكىنى ئۆزىمىز تۆلەيلى.)

Make it Dutch. بىز ئۆزىمىزنىڭكىنى ئۆزىمىز تۆلەيلى.

Let me pay my share. مېنىڭكىنى ئۆزۈم تۆلەي.

This is my treat. مەن مېھمان قىلاي.

It's on me. مەن مېھمان قىلاي.

I will buy you a lunch.

مەن سىزنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلاي.

Here is a tip. بۇ چاي پۇلى.

## مودا دىيالوگلار

### Dialogue 1

A: Good afternoon, sir. Can I help you?

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چۈشتىن كېيىنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، سىزگە نېمە كېرەك؟

B: I'd like a hamburger and a cup of milk.

مېنىڭ ھامبۇرگ بولكىسى بىلەن بىر ئىستاكان سۈت كېرەك.

A: What flavor would you prefer, sir?

ئەپەندىم سىزگە نېمە تەملىك كېرەك؟

B: What do you have?

قانداق تەملىكلىرى بار؟

A: We have strawberry, tomato, chocolate and apple.

بىزدە بۆلجۈرگەن تەملىك، پەمىدۇر تەملىك، شاكىلات تەملىك ۋە ئالما تەملىكلىرى بار.

B: Very well, I'd like to try the chocolate.

ياخشى، مەن شاكىلات تەملىكىنى تېتىپ باقاي.

A: Anything else?

يەنە باشقا نەرسە كېرەكمۇ؟

B: No, thanks. That's all.

كېرەك ئەمەس. رەھمەت يېتەرلىك بولدى.

## Dialogue 2

A: It's 11:40. Aren't you hungry?

سائەت 11 دىن 40 مىنۇت ئۆتۈپ بولدى. قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟

B: Well, I'm starving.

ھەئە، مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

A: Where shall we go for lunch?

بىز چۈشلۈك تاماقنى قەيەرگە بېرىپ يەيمىز؟

B: Let's go to the Hua Feng Restaurant for lunch.

بىز خۇافېڭ رېستورانىغا بارايلى.

A: That place looks good, but it's a little expensive.

ئۇ جاي خېلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق سەل قىممەت.

B: I've gotten fed up with fast food lunches. Last time you paid for it. This is my treat.

مەن تېز تاماقتىن بەك زېرىكىپ كەتتىم. ئالدىنقى قېتىم سىز مېھمان قىلغانىدىڭىز، بۈگۈن مەن مېھمان قىلاي.

A: All right!

ماقۇل!

C: Hello! Sir, welcome to our restaurant!

ياخشىمۇسىز ئەپەندىم. قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

B: We'd like a table for two, please.

بىزگە ئىككى كىشىلىك ئورۇن تېپىپ بېرىڭ.

C: This way, please. Would you like this table by the window?

بۇياققا مەرھەمەت، دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرسىڭىز قانداق؟

B: Yes, thanks!

بولىدۇ، رەھمەت!

C: Are you ready to order?

تاماق بۇيرۇتامسىز؟

A: Yes, could we see the menu, please?

بولىدۇ، تاماق تىزىملىكىنى ئەكىلىپ بېرەمسىز؟

C: Here's the menu and wine list.

ئەپەندىم، بۇ تاماق تىزىملىكى بىلەن هاراق تىزىملىكى.

A: Well, what do you recommend?

هە، سىز بىزگە بىرنەچچە خىل قورۇما تەۋسىيە قىلىپ بېرەمسىز؟

C: We've got peas, cabbage, asparagus, preserved meat and mutton, but the lobster is very good today.

بىزدە كۆك پۇرچاق، يېسىۋېلەك، سەرەبىل، سۇر گۆش ۋە قوي گۆشى بار، بىراق، بۈگۈنكى چوڭ راكمۇ يامان ئەمەس.

B: I think we will have lobster, asparagus and preserved meat.

بىزگە چوڭ راك، سەرەبىل ۋە سۇر گۆش كەلتۈرۈڭ.

C: What kind of soup do you prefer?

سىلەرگە قانداق شورپا كېرەك؟

A: An egg & vegetable soup, please.

بىزگە تۇخۇم شورپىسى كەلتۈرۈڭ.

C: All right. Would you like something to drink?

بولىدۇ، سىلەر نېمە ئىچىسىلەر؟

A: Two draught beers, please.

ئىككى ئىستاكان خام پىۋا.

C: Anything else?

يەنە باشقا نەرسە كېرەكمۇ؟

B: That's all for us.

بولار بىزگە يېتەرلىك.

A: How long do you think we have to wait?

بىز قانچىلىك ساقلايمىز؟

C: About five minutes.

تەخمىنەن بەش مىنۇت.

B: How do you like this dish?

سىزنىڭچە بۇ قورۇما قانداقراق ئىكەن؟

www.uyghurkitap.com



A: Fine, it's in good color and delicious.

ناھايىتى ياخشى، تەملىرى مۇۋاپىق.

B: Waitress, check please. I'll pay for it.

مۇلازىمەتچى، ھېسابات تالونىنى ئەكېلىپ بېرىڭ. مەن پۇل تۆلەيمەن.

C: Your change, sir.

ئەپەندىم، بۇ قايتقان پۇلىڭىز.

B: Keep it. We are really full, thank you.

سىزدە قالسۇن، بىز ناھايىتى ياخشى يېدۇق. رەھمەت سىزگە.

C: Thank you for your coming, good-bye.

قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارغا رەھمەت. خەير خوش.

## مەدەنىيەت كۆزنىكى

چەتئەللىكلەر دوستلىرى بىلەن سىرتقا تاماق يېگىلى چىققاندا ياكى دوستلىرى بىلەن تاكسىغا ئولتۇرغاندا بىزگە ئوخشاش پۇل تۆلەشنى تالاشمايدۇ. ئۇلار پۇل تۆلەشكە توغرا كەلگەندە، كۆپ ھاللاردا تەڭ بۆلۈپ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭكىنى تۆلەيدۇ. يەنى ئاتالمىش AA تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. بىراق، ئادەتتە قارشى تەرەپ ياردەم قىلغان، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشكە توغرا كەلگەندە بەزىدە تاماققا تەكلىپ قىلىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇ قارشى تەرەپنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلسا: ئۇ «Lunch is on me» دەيدۇ. بۇ يەردىكى on بولسا «پۇلنى مەن تۆلەيمەن» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. «Let me treat you this time» دېيىلسىمۇ بولىدۇ. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئادەملىرى غەربچە تاماق يېگەندە ئادەتتە سول قولدا ۋىلكا، ئوڭ قولدا پىچاق تۇتىدۇ. بىر قورۇمنى يەپ بولغاندىن كېيىن، پىچاق بىلەن ۋىلكىنى ئىككى تەرەپكە قويۇپ، تېخى يەپ بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر تەخسە ئۈستىدە قويسا، مۇلازىمەتچى يىغىشتۇرۇۋەتسە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تاماق يېگەندە ئامال بار ئاۋاز چىقارماسلىق، ۋىلكا بىلەن پىچاقنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئاۋاز چىقارماسلىق كېرەك. باشنى چۆكۈرۈپ تاماق يېيىش بىلەنلا بولۇپ

كەتمەي باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ئاغزىدا بىر نەرسە چايناۋېتىپ باشقىلارغا گەپ قىلىش بولسا ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

بەزى غەرب دۆلەتلىرىدە چاي پۇلى بېرىش بولسا دائىم يولۇقىدىغان مەسىلە. مەسىلەن، ماشىنا كىرا قىلىش، رېستورانغا بېرىپ تاماق يېيىش، مۇلازىمەتچى ياكى ئايروپورتتا يۈك توشۇغۇچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە چاي پۇلى بېرىش كېرەك. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگەر ئامېرىكىلىق دوستىڭىز سىزنى «AA بويىچە» سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلسا، ئېسىڭىزدە بولسۇن، تاماق پۇلىنى ئايرىم تۆلەپلا قالماي، چاي پۇلىنىمۇ ئايرىم تۆلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com



# ئون ئىككىنچى دەرس نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش

## تىپىك ئېسىل جۈملىلەر

### مۇلازىمەتچىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەر

What can I do for you? سىزگە نېمە كېرەك؟

Can I help you? مەن سىزگە ياردەم قىلايمۇ؟

Are you being served? بىرەرسى سىزنى كۈتۈۋاتامدۇ؟

This watch is on sale for only 300 yuan.

بۇ قول سائىتىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، 300 يۈەنگە سېتىلىۋاتىدۇ.

All the goods are sold at twenty percent discount.

بارلىق ماللار 80% باھادا سېتىلىدۇ.

I can give you a ten percent discount.

سىزگە 90% باھادا بېرەي.

It's a preferential price. بۇ ئېتىبار باھا.

It's a real bargain. بۇ بەك ئەرزان.

What about this pattern? بۇ شەكىلدىكىسى قانداقراق؟

What size shoes do you wear?

سىز قانچىنچى نومۇرلۇق ئاياغ كىيىسىز؟

You can try it on. ئۇنى كىيىپ سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ.

It suits you. بۇ سىزگە ماس كېلىدۇ.

This is better. ماۋۇ ياخشىراق ئىكەن.

The shirt is of good quality. بۇ كۆينەكنىڭ سۈپىتى ياخشى.

This goods is made of imported material.

بۇ مەھسۇلات ئىمپورت قىلىنغان ماتېرىياللاردىن ياسالغان.

It is an excellent brand.

بۇ دېگەن داڭلىق ماركا.

Sorry, it is out of stock.

كەچۈرۈڭ. مال تۈگىدى.

Sorry, we haven't your size.

كەچۈرۈڭ، بۇ دۇكاندا سىزگە كېلىدىغان نومۇر يوق.

We won't open until nine.

بىز سائەت توققۇزدا تىجارەت باشلايمىز.

Do you need anything else?

يەنە باشقا نەرسىلەر كېرەكمۇ؟

Here's your change.

بۇ قايتۇرۇلغان پۇلىڭىز.

I'm sorry, but we don't give refunds on sale items.

كەچۈرۈڭ، بىز باھاسىنى چۈشۈرگەن تاۋارلارنى قايتۇرمايمىز.

## خېرىدارلار دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەر

Shall we go shopping?

بىز بازار ئايلىنىپ كېلەيلى بولامدۇ؟

Would you like to go shopping with me?

مەن بىلەن بىرگە نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا بېرىشنى خالامسىز؟

I'd like to do some shopping.

مەن ئازراق نەرسە - كېرەك سېتىۋالاي دېگەنىدىم.

I want a pair of shoes.

مەن ئاياغ سېتىۋالاي دېگەنىدىم.

The market is full of people.

بازاردا ئادەم بەك كۆپ.

It is so crowed!

بەك قىستاڭچىلىق.

Just looking.

پەقەت كۆرۈپ بېقىۋاتىمەن.

When does the supermarket open?

تاللا بازار قاچان ئېچىلىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Does this skirt suit me? بۇ يوپكا ماڭا ماس كېلەمدۇ؟

Does your girlfriend follow the fashion?
قىز دوستىڭىز مودا قوغلىشامدۇ؟

That style is out of fashion now.
ئۇ پاسونىكىسى مودىدىن قالدى.

May I try it on? مەن كىيىپ سىناپ باقسام بولامدۇ؟

Where is the fitting-room? كىيىم سىناش ئۆيى قەيەردە؟

It suits me. بۇ ماڭا ماس كېلىدۇ.

It is my size. ماڭا ماۋۇ نومۇرلۇقى ماس كېلىدۇ.

How much does it cost? ئۇ قانچە پۇل؟

Will you give me any discount if I buy more?
مەن جىقراق سېتىۋالسام ئېتىبار قىلامسىز؟

Will you discount ten percent? ماڭا 90% باھادا بېرەلەمسىز؟

Where can I find the watch department?
سوراپ باقاي، سائەت ساتىدىغان پۇكەي قەيەردە؟

Do you have any more colors?
يەنە باشقا رەڭلىرى بارمۇ؟

I'd like to buy a pair of white shoes.
مەن ئاق رەڭلىك ئاياغ سېتىۋالاي دېگەنىدىم.

Have you got a shorter size? كىچىكرەكى بارمۇ؟

Is the color fast? بۇنىڭ رەڭگى ئۆڭەمدۇ؟

I don't like to bargain. مەن باھا تالىشىشنى ياقتۇرمايمەن.

It is too expensive for me. ماڭا نىسبەتەن بەك قىممەت ئىكەن.

That's more than I can afford. ماڭا نىسبەتەن بەك قىممەت ئىكەن.

That's a good bargain. ھەقىقەتەن ئەرزىيدۇ.

How much do I owe you? مەن قانچە پۇل تۆلەيمەن؟

Do I have to pay cash? مەن چوقۇم نەخ پۇل تۆلىشىم كېرەكمۇ؟

Can I use my credit card? ئىناۋەتلىك كارتا ئىشلەتسەم بولامدۇ؟

Please give me a receipt. ماڭا تالونىنى بېرىڭ.

I'd like to get a refund. مەن پۇلنى قايتۇرۇۋالىمەن.

I will see your manager. مەن دىرېكتورۇڭلار بىلەن كۆرۈشىمەن.

## مودا دىيالوگلار

### Dialogue 1

A: Good morning, Miss. May I help you?

خەيرلىك سەھەر خېنىم، سوراپ باقاي، سىزگە نېمە كېرەك؟

B: Yes, can you suggest a gift for an eleven-year-old girl?

شۇنداق، سىز ماڭا 11 ياشلىق قىزچاققا نېمە سوۋغا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرەلەمسىز؟

A: How about some dolls? Girls of that age are especially fond of them.

قونچاق قانداقراق؟ ئۇنى بۇ ياشتىكى قىزچاقلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

B: She's already got plenty of dolls. I'd like to give her something else.

ئۇنىڭ قونچاقلىرى بەك كۆپ، مەن باشقا سوۋغا بېرەي دېگەنىدىم.

A: Maybe you can buy her a watch.

ئۇنىڭغا سائەت سوۋغا قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

B: That's a good idea. Can you recommend one for me?

بۇ ئەقىل بولىدىكەن. ماڭا تونۇشتۇرۇپ بېرەمسىز؟

A: This kind of watch is the latest fashion. It's very popular among children. The quality is excellent and it is cheap too.

بۇ خىلى قىزلار ئارىسىدا ئەڭ مودا بولۇۋاتقان پاسون، ئۇنىڭ سۈپىتى ياخشى باھاسىمۇ ئەرزان.

www.uyghurkitap.com



B: I think my daughter will like it. How much does it cost?
مېنىڭچە قىزىم ياقتۇرىدۇ. بۇ قانچە پۇل؟

A: 300 yuan.
300 يۈەن.

B: It's too expensive.
بەك قىممەت ئىكەن.

A: I can give you a ten percent discount. It's a preferential price.
سىزگە 90% باھادا سېتىپ بېرەي. بۇ دېگەن ئېتىبار باھا.

B: Well, could you wrap it up for me?
بولىدۇ، ماڭا ئوراپ بېرەمسىز؟

A: Certainly. I'm sure your daughter will love this beautiful watch.
ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى بۇ چىرايلىق سائەتنى قىزىڭىز چوقۇم ياقتۇرىدۇ.

B: Thank you.
رەھمەت سىزگە.

A: You are welcome.
يەنە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

## Dialogue 2

A: Would you mind going shopping with me, darling?
قەدىرلىكىم، ماڭا ھەمراھ بولۇپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى بازارغا چىقامسىز؟

B: What do you need to buy?
نېمە سېتىۋالىسىز؟

A: I'd like to buy a handbag.
مەن قول سومكىسى سېتىۋالاي دېگەنىدىم.

B: All right, let's go.
بولىدۇ، ماڭايلى.

A: What a crowd!
ئادەم بەك كۆپ ئىكەن ھە!

B: Let's have a look at the handbag department.
بىز قول سومكىسى ساتىدىغان پوكەيگە بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

C: Can I help you?
سىلەرگە نېمە كېرەك؟

A: I'd like to buy a handbag.

مەن بىر قول سومكىسى سېتىۋالاي دېگەنىدىم.

C: This handbag looks pretty. It's high quality and not expensive.
بۇ قول سومكىسى بەك چىرايلىق، سۈپىتىمۇ ياخشى ھەم ئەرزان.

B: I prefer that pattern, which is in fashion now.
مەن ئاۋۇ پاسوننى بەكرەك ياقتۇردۇم، ئۇ ھازىر مودا بولۇۋاتىدۇ.

B: Miss, how much is it, please? خانقىز، بۇ سومكا قانچە پۇل؟

C: It costs two hundred and eighty yuan. 280 يۈەن.

A: It's too expensive, any discount?
بەك قىممەت ئىكەن، باھاسىنى چۈشۈرۈپ بەرمەمسىز؟

C: No discount. The price already carries a 25% discount.
ئەمدى چۈشۈرگىلى بولمايدۇ. بىز ھېلىمۇ 75% باھادا سېتىۋاتىمىز.

B: I think I'll take it. Here you are. سېتىۋالاي، مانا پۇل.

C: Thank you, here is the change. Do you want anything else, madam?
رەھمەت، بۇ سىزنىڭ قايتۇرۇلغان پۇلىڭىز. خانىم سىزگە يەنە باشقا نەرسە كېرەكمۇ؟

A: No, I don't. بولدى كېرەك ئەمەس.

B: Let's go home. بىز ئۆيگە قايتايلى.

C: Thank you for your coming, good-bye.
كەلگىنىڭلارغا رەھمەت، خەير - خوش.

A&B: Good-bye. خەير - خوش.

## مەدەنىيەت كۆزنىكى

جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ باھا چۈشۈرۈشنى ئىپادىلەش ئادىتى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودا 70% باھادا سېتىلىدۇ دېيىلگەن بولسا ئەنگلىيە، ئامېرىكىدا 30% چۈشۈرۈپ سېتىلىدۇ دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# قوشۇمچە

## ♦ سانلار

| ساناق سان سۆزلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | one | 21 | twenty – one |
| 2 | two | 32 | thirty – two |
| 3 | three | 43 | forty – three |
| 4 | four | 54 | fifty – four |
| 5 | five | 65 | sixty – five |
| 6 | six | 76 | seventy – six |
| 7 | seven | 87 | eighty – seven |
| 8 | eight | 98 | ninety – eight |
| 9 | nine | 100 | one hundred |
| 10 | ten | 999 | nine hundred and ninety – nine |
| 11 | eleven | 1000 | one thousand |
| 12 | twelve | 2،222 | two thousand two hundred and twenty – two |
| 13 | thirteen | | |
| 14 | fourteen | يۈزمىڭ | ten thousand |
| 15 | fifteen | 22،222 | twenty – two thousand two hundred and twenty – two |
| 16 | sixteen | | |
| 17 | seventeen | يۈز مىڭ | one hundred thousand |
| 18 | eighteen | بىر مىليون | one million |
| 19 | nineteen | ئون مىليون | ten million |
| 20 | twenty | يۈز مىليون | one hundred million |

| تەرتىپ سان سۆزلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى | first | يىگىرمىنچى | twentieth |
| ئىككىنچى | second | يىگىرمە بىرىنچى | twenty – first |
| ئۈچىنچى | third | ئوتتۇزىنچى | thirtieth |
| تۆتىنچى | fourth | ئوتتۇز ئىككىنچى | thirty – second |
| بەشىنچى | fifth | قىرىقىنچى | fortieth |
| ئالتىنچى | sixth | قىرىق ئۈچىنچى | forty – third |
| يەتتىنچى | seventh | ئەللىكىنچى | fiftieth |
| سەككىزىنچى | eighth | ئەللىك تۆتىنچى | fifiy – fourth |
| توققۇزىنچى | ninth | ئاتمىشىنچى | sixtieth |
| ئونىنچى | tenth | ئاتمىش بەشىنچى | sixty – fifth |
| ئون بىرىنچى | eleventh | يەتمىشىنچى | seventieth |
| ئون ئىككىنچى | twelfth | يەتمىش ئالتىنچى | seventy – sixth |
| ئون ئۈچىنچى | thirteenth | سەكسىنىنچى | eightieth |
| ئون تۆتىنچى | fourteenth | سەكسەن يەتتىنچى | eighty – seventh |
| ئون بەشىنچى | fifteenth | توقسىنىنچى | ninetieth |
| ئون ئالتىنچى | sixteenth | توقسەن سەككىزىنچى | ninety – eighth |
| ئون يەتتىنچى | seventeenth | يۈزىنچى | hundredth |
| ئون سەككىزىنچى | eighteenth | توققۇز يۈز توقسەن توققۇزىنچى | nine hundred and ninety–ninthnine |
| ئون توققۇزىنچى | nineteenth | | |

## ◆ ۋاقىت، ھەپتە، پەسىل ۋە ئايلار

| ۋاقىت | | | |
|---|---|---|---|
| day | كۈن | dawn | سەھەر |
| two days | ئىككى كۈن | morning | ئەتىگەن |
| yesterday | تۈنۈگۈن | noon | چۈش |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| today | بۈگۈن | afternoon | چۈشتىن كېيىن |
| tomorrow | ئەتە | evening | كەچقۇرۇن |
| the day after tomorrow | ئۆگۈن | night | ئاخشام |
| the day before yesterday | ئۈلۈشكۈن | | |

| هەپتە | | | |
|---|---|---|---|
| Monday | دۈشەنبە | week | هەپتە |
| Tuesday | سەيشەنبە | this week | بۇ هەپتە |
| Wednesday | چارشەنبە | last week | ئۆتكەن هەپتە |
| Thursday | پەيشەنبە | next week | كېلەر هەپتە |
| Friday | جۈمە | | |
| Saturday | شەنبە | | |
| Sunday | يەكشەنبە | | |

| پەسىل | | | |
|---|---|---|---|
| Spring | ئەتىياز | Autumn | كۈز |
| Summer | ياز | Winter | قىش |

| ئايلار | | | |
|---|---|---|---|
| January | يانۋار | September | سېنتەبىر |
| February | فېۋرال | October | ئۆكتەبىر |
| March | مارت | November | نويابىر |
| April | ئاپرېل | December | دېكابىر |
| May | ماي | month | ئاي |
| June | ئىيۇن | last manth | ئالدىنقى ئاي |
| July | ئىيۇل | this month | بۇ ئاي |
| August | ئاۋغۇست | next month | كېلەركى ئاي |

| يىل | |
|---|---|
| year | يىل |
| last year | ئۆتكەن يىلى، بۇلتۇر |
| this year | بۇ يىل |
| next year | كېلەر يىلى |

## ♦ رەڭلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| black | قارا | orange | قىزغۇچ سېرىق |
| white | ئاق | rose | قىزىلگۈل رەڭ |
| red | قىزىل | pink | هال رەڭ |
| yellow | سېرىق | brown | قوڭۇر رەڭ |
| blue | كۆك | indigo | قارا كۆك |
| purple | بىنەپشە رەڭ | lilac | سۇس بىنەپشە |
| green | يېشىل | bronze | بىرونزا رەڭ |

## ♦ پۇللار

| | |
|---|---|
| RMB | خەلق پۇلى |
| Hongkong Dollar | شاڭگاڭ پۇلى |
| US Dollar | ئامېرىكا دوللىرى |
| European Dollar/Euro Dollar | ياۋرو |
| Yuan | يۈەن (جۇڭگو) |
| Dollar | دوللار (ئامېرىكا، ئاۋستىرىيە، كانادا، يېڭى زېللاندىيە قاتارلىقلار) |
| Pound | فوندستېرلىڭ (ئەنگلىيە، ئىرلاندىيە) |
| Franc | فرانك (فىرانسىيە، بېلگىيە، شۋېيتسارىيە قاتارلىق) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| يىن (ياپونىيە) | Yen |
| شىللىڭ (ئاۋىستىرىيە) | Schilling |
| دوك (گوللاندىيە) | Florin |
| لىرا (ئىتالىيە) | Lira |
| مارك (گېرمانىيە) | Mark |
| مارك (فىنلاندىيە) | Markka |
| فورنت (ۋېنگىرىيە) | Forint |
| پتا (ئىسپانىيە) | Peseta |
| رۇبلى (رۇسىيە) | Ruble |
| رۇپىيە (ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق | Rupee |
| رۇپىيە (ھىندونېزىيە) | Rupiah |
| ئىسكۇدۇ (پورتۇگالىيە) | Escudo |
| زىلوتى (پولشا) | Zloty |
| بات (تايلاند) | Baht |
| ئۇلىدىر (ۋيېتنام) | Dong |

## ◆ ئەسكەرتىش سۆزلىرى

ئالدىغا ئىتتىرىڭ — Push

كەينىگە تارتىڭ — Pull

ئالدى بىلەن ئىشىكنى چېكىڭ — Knock

چىقىش ئېغىزى — Exit

كىرىش ئېغىزى — Entrance

ھاجەتخانا / تازىلىق ئۆيى — Toilet/Restroom/WC

كىرىش مەنئي قىلىنىدۇ — No entrance!

مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ كىرىشى مەنئي قىلىنىدۇ! — No admittance!

No admittance except on business!
ئىشى يوق ئادەملەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ!

Admission by invitation only!
تەكلىپ قىلىنمىغان كىشىلەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ!

Way out! چىقىش يولى

No dumping! بۇ جايغا ئەخلەت تۆكمەڭ!

No smoking! تاماك چېكىش مەنئى قىلىنىدۇ

No parking here! بۇ يەردە ماشىنا توختىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

No littering! قالايمىقان ئەخلەت تۆكمەڭ!

Don't spit on the floor/No spitting /Spitting prohibited! خالىغانچە تۈكۈرمەڭ!

Attention! دىققەت!

Look out! پەخەس بولۇڭ!

Danger, keep out! يېقىنلاشماڭ خەتەرلىك!

Beware of the traffic! ماشىنىدىن ئېهتىيات قىلىڭ!

Beware of the pickpockets! يانچۇقچىدىن ئېهتىيات قىلىڭ!

Wet paint! سىر تېخى قۇرۇمىدى!

Hands off ! چېقىلماڭ!

No scribbling! قالايمىقان سىزماڭ!

Halt! توختاڭ!

No fishing here! بېلىق تۇتۇش چەكلىنىدۇ!

Keep off the grass/lawn! چىملىققا دەسسىمەڭ!

Forbidden to injure the flowers and trees! چىملىققا كىرمەڭ!

Don't tease the animals! هايۋاناتلارغا چېقىلماڭ!

Silence! تىنچ!

Inspection declined! ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ!

Post no bills! ئېلان چاپلاشقا بولمايدۇ!

Photography prohibited! رەسىمگە تارتىشقا بولمايدۇ!

www.uyghurkitap.com



Out of bounds for foreigners without special permit!

چەتئەللىكلەر ئىجازەت ئالماي ئۆتۈشكە بولمايدۇ!

Please shut the door behind you!

ئىشىكنى يېپىۋېتىڭ!

No access to vehicle and personnel!

ماشىنا، يولۇچىلارنىڭ كىرىشى مەنئي قىلىنىدۇ!

No pass, no passage!

يول خېتى يوقلارنىڭ ئۆتۈشىگە يول قويۇلمايدۇ!

No thoroughfare!

ئۆتۈشكە بولمايدۇ!

Road closed ahead!

ئالدىدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ، ئۆتۈشكە بولمايدۇ!

Danger, overhead project in progress!

ئالدىدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ، خەتەرلىك!

Keep to the right!

ئوڭ تەرەپتىن مېڭىڭ!

Please keep to the path!

پىيادىلەر يولىدىن مېڭىڭ!

No overtaking!

ماشىنا يانداش مەنئي قىلىنىدۇ!

Do not overtake!

ماشىنا ياندىماڭ!

Drive slowly!

ئاستا يۈرۈڭ!

No tooting!

سىگنال ئۇرۇش مەنئي قىلىنىدۇ!

Turn to the right!

ئوڭغا ئايلىنىڭ!

Consecutive curves!

ئۆلىنىپ كەلگەن ئەگرى يول!

Keep space!

ماشىنا ئارىلىقىنى ساقلاڭ!

Drive at moderate speed; give another vehicle the right of way for the sake of safety!

نورمال سۈرئەتتە يول يۈرۈش بىخەتەرلىكنىڭ كاپالىتى!

Slow down, look around, and cross!

سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ، ئەتراپقا قاراپ ئاندىن كېسىپ ئۆتۈڭ!

Foggy section

تۇمانلىق يول بۆلىكى

Icy pavement

يولدا مۇز توڭلاپ كەتتى

Blackspot

ۋەقە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئورۇن

| | |
|---|---|
| Rear-end collision danger | كەينىگە سوقۇلۇش خەتەرلىك |
| Overtaking lane | ماشىنا يانداش يولى |
| Motor vehicle | ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى |
| Toll station | ھەق ئېلىش پونكىتى |
| Filling Station | ماي قاچىلاش پونكىتى |
| Breakdown service | رېمونتخانا |
| Parking lot | ماشىنا توختىتىش مەيدانى |
| P | ماشىنا توختىتىش مەيدانى |

## ◆ ماقال - تەمسىللەر

A bird in the hand is worth two in the bush.
ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى.

A constant guest is never welcome.
دائىملىق مېھمان ئادەمنى زېرىكتۈرىدۇ.

Actions speak louder than words.
سۆزلىگەندىن قىلغان ياخشى.

A fall into a pit, a gain in your wit.
بىر ئوڭۇشسىزلىقتىن بىر ئەقىل تېپىلىدۇ.

A friend in need is a friend indeed.
ھەقىقىي دوست باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ.

A good beginning is half done.
ياخشى باشلىنىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت.

A good beginning makes a good ending.
ئىشنى ياخشى باشلاپ چىرايلىق تۈگەتمەك.

A good fame is better than a good face.
ياخشى نام گۈزەللىكتىن ئەلا.

A good husband makes a good wife·
يولدىشى ياخشى بولسا ئايالىمۇ ياخشى خوتۇن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



A good medicine tastes bitter.

ياخشى دورا ئاچچىق.

A great talker is a great liar.

پوچى ئادەم يالغانچى بولىدۇ.

All good things come to an end.

دۇنيادا ئاخىرلاشمايدىغان ئىش يوق.

All rivers run into the sea.

ھەممىنى ئۆزئىچىگە ئالماق.

All roads lead to Rome.

ھەممە يول رىمغا ئۇلىنىدۇ.

All that glitters is not gold.

پارقىرىغانىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

A mother's love never changes.

ئانا مېھرى مەڭگۈلۈكتۇر.

An apple a day keeps the doctor away.

كۈندە بىر ئالما يېسىڭىز ئاغرىقتىن يىراق بولىسىز.

A new broom sweeps clean.

يېڭى ئۆسكەن ئەمەلدار چىڭ ئىشلەيدۇ.

An eye for an eye and a tooth for a tooth.

كۆز قۇيغانىنىڭ كۆزىنى قوي، چىش چاققانىنىڭ چىشىنى چاق.

An old dog cannot learn new tricks.

قېرى ئىت يېڭى ئويۇنغا يارىماس.

A rolling stone gathers no moss.

ئىرادىسى بوش ئادەم ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

A single flower does not make a spring.

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

A snow year, a rich year.

خاسىيەتلىك قار مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىدۇ.

A still tongue makes a wise head.

بىلىملىكنىڭ قورۇق گېپى ئاز بولىدۇ.

A stitch in time saves nine.

كۆزگە ئىلمىغان يۇتقا چوماق.

A wise head makes a close mouth.

موللام گۆش يېمەس، يېسە بوش يېمەس.

A word spoken is past recalling.

ئېيتقان سۆز ــــ ئاتقان ئوق.

A year's plan starts with spring.

يىلنىڭ بېشى باھاردىن.

A young idler, an old beggar.

ياشلىقتا تىرىشمىساڭ قېرىغاندا پۇشايماندا قالىسەن.

Bad news has wings.

ياخشىلىق بوسۇغىدىن چىققۇچە، يامانلىق يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ.

Barking dogs seldom bite. كۆپ قاۋايدىغان ئىت ئادەم چىشلىمەس.

Beauty lies in the lover's eyes. چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.

Be swift to hear, slow to speak. كۆپ ئاڭلاپ ئاز سۆزلىگۈلۈك.

Better to ask the way than go astray.

ئېزىپ قالغاندىن، يول سورىغان ياخشى.

Birds of a feather flock together. ھەممە ئۆز خىلىنى تاپار.

Business is business. ھۆكۈمەت ئىشىدا يۈز قارىماسلىق.

Children are what the mothers are.

كۆرگەننىڭ كۆزىگە سىڭىپتۇ، ئاڭلىغاننىڭ قۇلىقىغا.

Choose an author as you choose a friend.

كىتاب تاللاش دوست تاللىغانغا ئوخشايدۇ.

Confidence in yourself is the first step on the road to success.

ئۆزىگە ئىشىنىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

Constant dripping wears away a stone. سۇ تامچىلاپ تاشنى تېشەر.

Constant dripping wears

تەرتىپ بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلىمەك (ئۆگىنىش ياكى خىزمەتتە)

Custom is a second nature. ئۆرپ ـ ئادەت كېيىن شەكىللەنگەن.

Diamond cuts diamond. غوجامنىڭ غوجىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



Do as the Romans do.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

Doing is better than saying.

ئېغىزدىلا سۆزلىگەندىن ئەمەلىيەتتە قىلغان ياخشى.

Do it now.

پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە قايتا كەلمەيدۇ.

Don't claim to know what you don't know.

بىلمىگەننى بىلىمەن دېمە.

Don't put the cart before the horse.

ئاق ـ قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمە.

Don't trouble trouble until trouble troubles you.

ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىق تاپما.

Don't try to teach your grandmother to suck eggs.

ئۇستىنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلما.

Do well and have well.

ياخشىلىققا ياخشىلىق.

Easier said than done.

ئېغىزدا دېيىش ئاسان، قىلماق تەس.

Easy come, easy go.

تېز كېلىپ، تېز كەتمەك.

Eat to live, but not live to eat.

تاماق يېيىش ياشاش ئۈچۈن، بىراق ياشاش تاماق يېيىش ئۈچۈن ئەمەس.

Envy has no holidays.

ھەسەتخورغا ئارام يوق.

Even Homer sometimes nods.

دانىشمەننىڭمۇ خاتالىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ.

Every advantage has its disadvantage.

پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان.

Everybody's business is nobody's business.

موللا جىق يەردە قوي ھارام.

Every day is not Sunday.

ياخشى كۈن ئۇزاققا بارماس.

Every dog has his day.

ھەممە ئادەمنىڭ كۆرەڭلەيدىغان ۋاقىت.

Every heart has its own sorrow.

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىدۇ.

Every man has his faults. نۇقسانسىز ئادەم يوق.

Every man has his hobbyhorse.
ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار.

Every man has his weak side. ھەممە ئادەمنىڭ ئاجىز نۇقتىسى بار.

Every man is the architect of his own fortune.
ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا.

Every mother's child is handsome. قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق.

Every potter praises his pot. ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ ياخشى.

Everything is good when new, but friends when old.
نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى ياخشى.

Fact speak louder than words. ھەقىقەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

Failure is the mother of success. مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى.

Far from eye, far from heart. كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

Far water does not put out near fire.
يىراقتىكى سۇ يېقىندىكى ئوتنى ئۆچۈرەلمەس.

First think and then speak. ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.

Forbidden fruit is sweet.
قىلماڭ دېگەن ئىشنى بەكرەك قىلغۇسى كەلمەك.

Fortune knocks at least once at every man's gate.
كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ.

Four eyes see more than two. كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.

Friends are thieves of time. دوست دېگەن ۋاقىت ئوغرىسى.

Genius is nothing but labor and diligence. تالانت تىرىشچانلىق دېمەكتۇر.

God helps those who help themselves.
تىرىشقان تاپار.

Gold will not buy everything. پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس.

Good health is over wealth. تەن ساقلىق ــــ زور بايلىق.

Good medicine for health tastes bitter to the mouth.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياخشى دورا ئاچچىق بولىدۇ، كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

Great barkers are no biters. ياخشى ئىت يول توسماس.

Great minds think alike. قەھرىمانلارنىڭ كۆز قارشى ئوخشاش بولىدۇ.

He is a wise man who speaks little. ئەقىللىقلىك ئېغىزدا ئەمەس.

He knows most who speaks least. بىلىملىك كىشى كەمتەر كېلىدۇ.

He who laughs last laughs best. ئەڭ ئاخىرىغىچە كۈلەلىگەن نوچى.

He who climbs high falls heavily.

قانچە ئېگىز ياماشساڭ شۇنچە قاتتىق يىقىلىسەن.

He who makes constant complaint gets little compassion.

ھالۋىنى جىق يېسە ئەمەن تېتىيدۇ.

He who risks nothing gains nothing. خەۋپسىز مۇۋەپپەقىيەت بولماس.

History repeats itself. تارىخ قايتىلانماق.

Honesty is the best policy. سەمىمىيلىك گۈزەل ئەخلاق.

Hope for the best, but prepare for the worst.

ئەڭ ياخشى ئارزۇدا بولغاندا ئەڭ يامان تەرىپىنىمۇ ئويلىشىپ قويۇش كېرەك. ساقمت قىلماسلىق كېرەك.

If you run after two hares, you will catch neither.

ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگەن سۇغا چۈشىدۇ.

If you venture nothing, you will have nothing.

يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولماس.

It is easy to be wise after the event. تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن.

It is never too old to learn. قېرىغىچە ئۆگىنىشنى توختاتماسلىق.

It is no use crying over spilt milk.

تۆكۈلگەن تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ.

It never rains but it pours. خەلپەم كۆلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ.

It takes three generations to make a gentleman.

دەرەخ ئون يىلدا يېتىلىدۇ، ئادەم يۈز يىلدا.

Jack of all trades and master of none.

ھەممە ئىشقا تەڭ چات كىرىۋېلىش.

Judge not from appearances.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

Justice has long arms.

يامان ئىش قىلغانلار ھامان جازاسىنى تارتىدۇ.

Kill two birds with one stone. بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش.

Knowledge is power. بىلىم ــــ كۈچ.

Knowledge makes humble, ignorance makes proud.

كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

Learn and live. ياشاش ئۆگىنىش ئۈچۈن.

Learn to walk before you run.

يۈگۈرۈشتىن بۇرۇن مېڭىشنى ئۆگىنىش كېرەك.

Let bygones be bygones. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

Let sleeping dogs lie. ئاۋارىچىلىق تاپماڭ.

Let the cat out of the bag. مەخپىي ئىشنى ئاشكارىلاپ قويۇش.

Lies can never change fact. يالغان سۆز ھەقىقەت بولالماس.

Lies have short legs. يالغان گەپ ئۇزاققا بارماس.

Life is half spent before we know what it is.

ئادەم ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا ئاندىن ھاياتنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ.

Like a rat in a hole. كۈپكە سولانغان تاشپاقا.

Like author, like book. قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

Like father, like son. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

Like for like. ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق.

Like mother, like daughter. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

Like teacher, like pupil.

ئوقۇتقۇچىسى قانداق بولسا ئوقۇغۇچىسى شۇنداق بولىدۇ.

Like tree, like fruit. ئىككى سەككىز ئون ئالتە.

Look before you leap. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

www.uyghurkitap.com



Lookers-on see more than players.

ھېچكىم ئۆزىنىڭ يۈزىدىكى قارىنى كۆرەلمەيدۇ.

Love at first sight.

بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قېلىش.

Love is never without jealousy.

كۈندەشلىك بولمىسا مۇھەببەت بولمايدۇ.

Love me, love my dog.

ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەممە نەرسىسى گۈل كۆرۈنۈپتۇ.

Many hands make light work. ئىش بىرلىكتە، كۈچ ئۆملۈكتە.

Many heads are better than one. كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

Measure for measure. ئىككى قۇچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس.

Misfortunes never come alone. بالا كەلسە قوش كەپتۇ.

Never fish in troubled water. سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتما.

Never too old to learn, never too late to turn.

ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماق.

No cross, no crown.

جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت كۆرگىلى بولماس.

No man is wise at all times. ئازمايدىغان ئىنسان يوق.

No news is good news. خەۋىرى بولمىغانلىقىنىڭ ئۆزى ياخشى خەۋەر.

No one can call back yesterday. ۋاقىت كەينىگە قايتمايدۇ.

No pain, no gain. جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق.

No rose without a thorn. تىكەنسىز ئەتىرگۈل يوق.

No smoke without fire. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ.

Nothing brave, nothing have.

يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ.

Nothing dries sooner than a tear. كۆز يېشى ئەڭ تېز قۇرۇيدۇ.

Old friends and old wines are best. دوستنىڭ كونىسى ياخشى.

Old sin makes new shame.

بىر سەۋەنلىكتىن تۈگىمەس بالاغا قېلىش.

Once bitten, twice shy.

بىر قېتىم يىلان چېقىۋالسا ئون يىلغىچە ئارغامچىدىن قورقىماق.

One boy is a boy, two boys half a boy, three boys no boy.

موللا جىق يەردە قوي هارام.

One swallow does not make a summer.

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

One's words reflect one's thinking.

كۆڭۈلدە نېمە ئويلىغان بولسا ئېغىزدا شۇنى سۆزلەيدۇ.

Out of sight, out of mind. كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق.

Please the eye and plague the heart. كۆلكىنىڭ يىغىسى بار.

Practice makes perfect.

ئىقتىدار كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ.

Praise is not pudding. ياخشى گەپنى تاماق ئورنىدا يېگىلى بولمايدۇ.

Put the cart before the horse. ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتمەك

Rome was not built in a day. قېلىن مۇز بىر كۈندە قاتقان ئەمەس.

Seeing is believing. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

Seek the truth from facts. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش.

Something is better than nothing. يوقتىن ياخشى.

Speech is silver, silence is gold. گەپدانلىق كۈمۈش، سۈكۈت ئالتۇن.

Still water runs deep. تىنچ ئاققان سۇ چوڭقۇر بولىدۇ.

Strike the iron while it is hot. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق.

Take things as they come. كەلگىنىڭ كۆنگىنىڭ.

Talk of the devil and he will appear. كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كەپتۇ.

Tall trees catch much wind. ئېگىز دەرەخكە كۆپ شامال تېگەر.

The cat shuts its eyes when stealing.

قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش.

The danger past and God forgotten.

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



The early bird catches the worm. بازار چاققانىنىڭ.

The finest diamond must be cut.
قاشتاشنى پىششىقلاپ ئىشلىمىسە ئىسكەتكە كىرمەس.

The frog in the well knows nothing of the great ocean.
قۇدۇقتا تۇرۇپ ئاسماننى كۆرۈش. بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەك

The grass is greener on the other side. قوشنامنىڭ قوش كۆرۈنەر.

The greatest talkers are always least doers.
يېرىم چىلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ.

The higher up, the greater the fall.
قانچە ئېگىزگە ياماشساڭ شۇنچە قاتتىق يىقىلىسەن.

The more noble, the more humble.
ئادەم قانچە ئەقىللىق بولسا شۇنچە كەمتەر بولىدۇ.

The more wit, the less courage.
يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمايدۇ.

The outsider sees the most of the game. چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلارغا ئايان.

There is no place like home.
ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى پۈت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى.

The style is the man. ئادەمگە يازغان خېتىگە قاراپ باھا بەرگىلى بولىدۇ.

The tongue is not steel, yet it cuts. قۇرۇق تۆھمەت ئادەم ئۆلتۈرەر.

Think twice before you do. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

Time and tide wait for no man. ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ.

Time flies. ۋاقىت ئاتقان ئوق.

Time tries all. ئات ئۆزۈن يولدا سىنىلار، ئادەم ئۇزاق يىلدا.

To err is human. خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق.

Troubles never come singly. بەخت قوش كەلمەس، بالا ـ قازا تاق.

Truth never grows old. ھەقىقەت مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

Two heads are better than one. كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

Two of a trade seldom agree. بىر تاغقا ئىككى يولۋاس پېتىشماس.

Unity is strength. ئىتتىپاقلىق كۈچ.

Unpleasant advice is a good medicine. دوست يىغلىتىپ ئېيتار.

**Until all is over one's ambition never dies.**

نىشانغا يەتمىگۈچە بولدى قىلماسلىق.

Venture a small fish to catch a great one.

ئاز ئەجىر قىلىپ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىش.

**Virtue is fairer far than beauty.** گۈزەل ئەخلاق گۈزەل چىرايدىن ئەلا.

**Walls have ears.** تامنىڭمۇ قۇلىقى بار.

**Water dropping day by day wears the hardest rock away.**

سۇ تامچىلاپ تاشنى تېشەر.

**Well begun is half done.** ياخشى باشلىنىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت.

**What is learned in the cradle is carried to the grave.**

بالىلىقتا ئۆگەنگەن تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا ئۆگەنگەن قۇمغا خەت يازغاندەك.

What's done cannot be undone. بولار ئىش بولۇپ بولدى.

**When in Rome, do as the Romans do.**

يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس. ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

**When the fox preaches, take care of your geese.**

جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا.

Where there is a will, there is a way.

ئىرادە بولىدىكەن مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ.

Where there is life, there is hope.

تاغ بولسا ئوتۇندىن غەم قىلما. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.

**Where there is smoke, there is fire.** شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

**Wise man have their mouths in their hearts, fools have their hearts in their mouths.**

دانىشمەنىنىڭ ئېغىزى كۆڭلىدە، ناداننىڭ كۆڭلى ئېغىزىدا.

Work makes the workman.

ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن. جاپا ـ مۇشەققەت ئادەمنى تاۋلايدۇ.

You cannot burn the candle at both ends.

شامنى ئىككى تەرىپىدىن تۇتاشتۇرغىلى بولماس، بىر كالللىنى ئىككىگە بۆلگىلى بولماس.

You cannot eat your cake and have it.

بەش بارماقنى ئېغىزغا بىراقلا تىققىلى بولمايدۇ.

You can take a horse to the water but you cannot make him drink.

زورىغا قىلغان ئىش ئاخىرىغا چىقمايدۇ.

You never know what you can till you try.

سىناپ باقمىغۇچە بىلگىلى بولمايدۇ.

بۇ كىتاب خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据哈尔滨工业大学出版社 2007 年 9 月第 1 版,2008 年 6 月第 3 次印刷本翻译出版 。

## ئىنگلىز تىلىنى تېز ئۆگىنىش قوللانمىسى

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** دىلمىرە مىرشات، گۈلفىرە ياسىن، ئەزراگۈل يۈسۈپ

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** شىرزات سوپىيېۋ

**مەسئۇل كوررېكتورى:** مېھرىگۈل مەمەت

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** مىرشات لىتىپ

**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ۋاڭ ياڭ

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**تېلېفون:** 0991 – 2827472

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32

**باسما تاۋىقى:** 8.5

**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى

**تىرازى:** 1–3000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 – 7 – 228 – 16442 – 4

**باھاسى:** 25.50 يۈەن